# ئۆلگىلىك ئاياللار

6

# Örnek Kadınlar
# ئۈلگىلىك ئاياللار


Yazar: ئاپتورى:
**Abdulehed Hafız** ئابدۇلئەھەد ھافىز

Yayıncı: نەشىر قىلغۇچى:
**Doğu Türkistan Alimler Birliği** شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى

Kapak ve Sayfa Tasarımı: مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى:
**Ufuk Tasarım** ئۇپۇق ئېلان-لايىھەچىلىكى

2024 ئىستانبۇل

# مۇندەرىجە


تۇنجى ئانا ھەزرىتى ھەۋۋا .................................4

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىنىكئانىسى ھەزرىتى ھەلىمە.........10

تىز پۈكمەس ئايال ھەزرىتى سەفىيە.............................15

پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىزى ھەزرىتى فاتىمە ....................22

پەيغەمبىرىمىزگە تۇنجى بەيئەت قىلغان ئايال ھەزرىتى نەسىيبە ...............................................................................29

مەھرى ھەققىنى ئىسلام قىلغان ئايال ھەزرىتى ئۇممۇ سۇلەيم ...............................................................................38

رەسۇلۇللاھنىڭ قوغدىغۇچىسى ئۇممۇھانى...................46

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئانىسى ئەرۋا بىنتى كۇرەيز.................................................................................52

قەھرىمان ئايال ھەزرىتى ئەزدە بىنتى ھارىس..................55

ئىككى ھىجرەت ئىگىسى ھەزرىتى ئەسما بىنتى ئۇمەيس.................................................................................59

ئاياللارنىڭ ئەلچىسى ھەزرىتى ئەسما بىنتى يەزىد ...........64

شىجائەتلىك ئايال ھەزرىتى ئۇممۇ ھەكىم....................72

ھەبەشىستان گۈلى ھەزرىتى ئۇممۇ خالىد....................76

رەسۇلۇللاھنىڭ قېيىن ئانىسى ھەزرىتى ئۇممۇ رۇمان .....80

تۇنجى شېھىد ئايال ھەزرىتى ئۇممۇ ئەممار....................83

سەۋرچان ئايال ھەزرىتى ھەمنە ..................................87

رەسۇلۇللاھنىڭ ئىككىنچى ئانىسى ھەزرىتى ئۇممۇ ئەيمەن...........................................................92

ئەبۇلەھەبنىڭ بېشىنى يېرىۋەتكەن ئايال ھەزرىتى لۇبابە ......................................................102

ئىككى بەلۋاغ ئىگىسى ھەزرىتى ئەسما .......................110

ھىجرەت يولىدىكى ساھىبخان ئايال ھەزرىتى ئۇممۇ مەئبەد......................................................118

شېھىتلەرنىڭ ئانىسى، داڭلىق شائىرە ھەزرىتى خەنسا ......................................................126

جاسارەتلىك ئايال ئۇممۇ كۇلسۇم بىنتى ئۇقبە .............130

چاچ تارىغۇچى مۇئمىنە ئايال......................................139

نامراتلىقنى تاللىغان ئايال فاتىمە بىنتى ئابدۇل مەلىك ......................................................144

ئاللاھ ئاشىقى رابىئە ئەدەۋىيە......................................150

مۆئمىنە مەلىكە ئاسىيە بىنتى مۇزاھىم.........................155

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى سارە ....................160

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىنچى ئايالى ھەزرىتى ھاجەر ..............................................................................164

ھەدىس ئالىمى ھەفسە بىنتى سىرىن..........................171

مەككىگە سۇ ئەكەلگەن ئايال-زۇبەيدە خېنىم ..............178

ئىلىمخۇمار ئايال - زۇمرەت خاتۇن...............................185

مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىچىسى مۇمتاز خاتۇن...............190

مۇجاھىدە ئايال زەينەپ غازالى....................................196

## بسم الله الرحمن الرحيم

بىزنى ھەق دىنىغا ھىدايەت قىلغان ئۇلۇغ رەببىمىزگە چەكسىز ھەمدۇسانا ئېيتىپ مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز. ئاللاھنىڭ سالامى ۋە رەھمىتى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز، يولباشچىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلىسىگە ۋە بارلىق ساھابە كىراملىرىغا بولسۇن.

ئىسلام تارىخىمىزدا ئىلىم-ئېرپاندا، پىداكارلىقتا، دىنىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن جان تىكىپ خىزمەت قىلىشتا ئۈلگە ياراتقان ئاياللار ئاز ئەمەس. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدىن باشلاپ ئاياللار ئىلىم ساھەلىرىدە ۋە جەڭ مەيدانلىرىدا چوڭ رول ئوينىغان ۋە تارىختا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان. ئۇ زاتلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئوقۇش، ئۆگىنىش بىزلەرگە بولۇپمۇ بۈگۈنكى خانىم-قىزلىرىمىزغا يول كۆرسىتىدۇ، روھىي كۈچ بېغىشلايدۇ، قىيىنچىلىقلار ئالدىدا مۇستەھكەم تۇرۇشنى، سەۋر-تاقەت بىلەن يولىنى داۋاملاشتۇرۇشنى، بوشاشماسلىقنى ئۆگىتىدۇ، ئالغا ئىلگىرىلەش ئۈچۈن ئىلھام بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇسۇلمانلارغا پىرئەۋننىڭ ئايالى بىلەن ئېيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ھەزرىتى مەريەمنى ئۈلگە قىلىپ كۆرسەتكەن.[1] ئاشۇنىڭغا ئاساسەن

1 ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَضَرَبَ ٱللَّهُ مَثَلًا لِّلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱمْرَأَتَ فِرْعَوْنَ إِذْ قَالَتْ رَبِّ ٱبْنِ

خانىم-قىزلىرىمىزغا ئىلھام مەنبەسى بولۇشى ئۈچۈن باشتا سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياللىرى، پاكدامەن ئانىلىرىمىزنىڭ ھاياتىنى ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا ساھابە ئاياللار ۋە باشقىلارغا ئۈلگە بولغۇدەك خىزمەتلەرنى قىلغان ئاياللاردىن بەزىلىرىنىڭ ھاياتىنى قىسقىچە يېزىپ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا سۇنۇش مەقسىتىدە «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن ئىسىم بىلەن بىر كىتاب، «ئۈلگىلىك ئاياللار» دېگەن ئىسىم بىلەن يەنە بىر كىتاب قىلدىم.

قولىڭىزدىكى «ئۈلگىلىك ئاياللار» دېگەن بۇ كىتابتا ھاياتىنى ئىسلامغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىزمەت قىلىشقا ئاتىغان ساھابە ئاياللاردىن بەزىسىنىڭ تەرجىمىھالى بىلەن بىرگە تارىختا چوڭ خىزمەتلەرنى قىلىپ ئۆتكەن ئۈلگىلىك ئاياللاردىن بەزىسىنىڭ تەرجىمىھالى قىسقىچە بايان قىلىندى. ئاللاھ تائالا بۇ چەكلىك ئۆمرىمىزدە ئۇلارنىڭ يولىدىن مېڭىپ ئۇلارغا ئوخشاش ياخشى خىزمەتلەرنى قىلىپ ئۆتكىلى نېسىپ قىلسا، بىز ئۈچۈن چوڭ شەرەپ ۋە كاتتا غەلىبىدۇر. ئۇلاردەك بولالمىساقمۇ ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ئۇلاردەك بولۇشقا تىرىشساق، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىمىزگە سەۋەب بولىدۇ. ئاللاھ تائالا

---

لِى عِندَكَ بَيْتًا فِى ٱلْجَنَّةِ وَنَجِّنِى مِن فِرْعَوْنَ وَعَمَلِهِۦ وَنَجِّنِى مِنَ ٱلْقَوْمِ ٱلظَّٰلِمِينَ﴾ «ئاللاھ ئىمان ئېيتقانلارغا پىرئەۋننىڭ ئايالىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇز ۋاقتىدا ئۇ: «ئى رەببىم! دەرگاھىڭدا ماڭا جەننەتتىن بىر ئۆي بىنا قىلىپ بەرگىن، مېنى پىرئەۋندىن ۋە ئۇنىڭ (يامان) قىلمىشىدىن قۇتقۇزغىن، مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزغىن» دېگەن ئىدى.» - (سۈرە تەھرىم، 11 - ئايەت). ﴿وَمَرْيَمَ ٱبْنَتَ عِمْرَٰنَ ٱلَّتِىٓ أَحْصَنَتْ فَرْجَهَا فَنَفَخْنَا فِيهِ مِن رُّوحِنَا وَصَدَّقَتْ بِكَلِمَٰتِ رَبِّهَا وَكُتُبِهِۦ وَكَانَتْ مِنَ ٱلْقَٰنِتِينَ﴾ «(ئاللاھ يەنە) ئىمراننىڭ ئۆزىنى پاك ساقلىغان قىزى مەريەمنى (مىسال قىلىپ كۆرسەتتى). ئۇنىڭغا بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىن بىر روھنى پۈۋلىدۇق (شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىيساغا ھامىلىدار بولدى)، ئۇ رەببىنىڭ سۆزلىرىگە ۋە كىتابلىرىغا ئىشەندى ھەمدە (رەببىگە) ئىتائەت قىلغۇچىلاردىن بولدى.» - (سۈرە تەھرىم، 12 - ئايەت).

ئەر-ئايال بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئەنە شۇ تارىختا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان ئۆلگىلىك كىشىلەرنىڭ ئىزىدىن بېسىپ، بىرلىك-باراۋەرلىك ئىچىدە، دىن، مىللەت ۋە ۋەتەن ئۈچۈن ياخشى خىزمەتلەرنى قىلىپ، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن ئۆلگە بولۇپ، كەتكىلى نېسىپ قىلسۇن. ئامىين!

ئابدۇلئەھەد ھاپىز

2023-يىلى 5-ئاي

# تۇنجى ئانا ھەزرىتى ھەۋۋا

ئاللاھ تائالا تۇنجى ئىنسان ۋە پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ دادىسى ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىپ جەننەتكە كىرگۈزدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام جەننەتنىڭ رەڭگارەڭ گۈل چېچەكلىرى، خىلمۇخىل دەل دەرەخلىرى، تۈگىمەس سايىلىرى ۋە سان ساناقسىز نازۇ نېمەتلىرى ئارىسىدا راھەت پاراغەتتە ياشىدى.

بىر كۈنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۇخلاپ قالغاندا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ قوۋۇرغىسىدىن بىر ئايال يارىتىپ بەردى. ئادەم ئەلەيھىسسالام ئويغانغاندا يېنىدىكى ئايالنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ: «سىز كىم بولىسىز؟» دېدى. ئايال: مەن سىزنىڭ جورىڭىز بولىمەن، ئاللاھ مېنى سىز ئۈچۈن ياراتتى، دېدى. ئادەم: ئىسمىڭىز نېمە؟ دېدى. ئايال: بىلمەيمەن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئادەم ئۇنىڭغا: سىز ھەۋۋا، سىز ھەۋۋا، دېدى. ھەۋۋا ئەرەبچىدە ھايات، دېگەن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىسمى ھەۋۋا بولدى.

قۇرئان كەرىمدە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يارىتىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن بىر جور يارىتىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ، لېكىن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جورى ۋە تۇنجى ئايالنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنمايدۇ. ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ھەۋۋا ئىكەنلىكى ھەدىسلەردە مەۋجۇد.

ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئايالى ھەۋۋانى

جەننەتكە كىرگۈزۈپ: ﴿يَـٰٓـَٔادَمُ ٱسْكُنْ أَنتَ وَزَوْجُكَ ٱلْجَنَّةَ وَكُلَا مِنْهَا رَغَدًا حَيْثُ شِئْتُمَا وَلَا تَقْرَبَا هَـٰذِهِ ٱلشَّجَرَةَ فَتَكُونَا مِنَ ٱلظَّـٰلِمِينَ﴾ **«ئى ئادەم! سەن خوتۇنۇڭ (يەنى ھەۋۋا) بىلەن جەننەتتە تۇرۇڭلار! جەننەتتىكى نەرسىلەردىن خالىغىنىڭلارچە كەڭتاشا يەپ - ئىچىڭلار، بۇ دەرەخكە يېقىنلاشماڭلار (يەنى مېۋىسىدىن يېمەڭلار)، بولمىسا (ئۆزۈڭلارغا) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر»**[2] دېدى.

ھەزرىتى ھەۋۋا جەننەتتە ئېرى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە، جەننەتنىڭ تۈرلۈك نازۇ نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ ياشىدى. ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ، ھېلىقى چەكلەنگەن دەرەخكە يېقىنلاشمىدى.

لېكىن مەلئۇن شەيتان ئۇلارنىڭ بۇ راھەت ھاياتىدىن ناھايىتى بىئارام ئىدى. قانداقمۇ بىئارام بولمىسۇن! ئادەمنى ۋە ئەۋلادىنى ئازدۇرۇشقا قەسەم ئىچكەن تۇرسا؟ ھەزرىتى ھەۋۋا بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتتىكى راھەتلىك ھاياتىغا قانداقمۇ چىداپ تۇرالىسۇن! شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەم بىلەن ھەۋۋانى قانداق قىلىپ ئازدۇرۇپ، جەننەتتىكى ھاياتىدىن مەھرۇم قىلىش ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز پىلان تۈزەتتى. ئۇ كۆپ ئويلاپ ئاخىرى ئۇلارنى جەننەتتىن چىقىرىشنىڭ يولى ئۇلارنى ئالداپ، ئاللاھ يېيىشنى مەنئى قىلغان دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگۈزۈش ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئۇلار ھېلىقى دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېسە، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلغان بولىدىغانلىقى ۋە ئاللاھنىڭ ئۇلارنى جازالايدىغانلىقىنى تېپىپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ بۇ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈشكە

2 بەقەرە سۈرىسى: 35- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

باشلىدى. ئۇ مەلئۇن بۇ نىجىس پىكرىنى ئەمەلگە ئىنسانىنىڭ ئاجىز نۇقتىسى ئۇنىڭ مەڭگۈ ياشاش ئارزۇسى ئىكەنلىكىنى تېپىپ چىقتى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**فَوَسْوَسَ لَهُمَا ٱلشَّيْطَٰنُ لِيُبْدِىَ لَهُمَا مَا وُۥرِىَ عَنْهُمَا مِن سَوْءَٰتِهِمَا وَقَالَ مَا نَهَىٰكُمَا رَبُّكُمَا عَنْ هَٰذِهِ ٱلشَّجَرَةِ إِلَّآ أَن تَكُونَا مَلَكَيْنِ أَوْ تَكُونَا مِنَ ٱلْخَٰلِدِينَ۝وَقَاسَمَهُمَآ إِنِّى لَكُمَا لَمِنَ ٱلنَّٰصِحِينَ**﴾ **«شەيتان ئۇلارنىڭ يېپىقلىق ئەۋرەتلىرىنى ئېچىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ۋەسۋەسە قىلدى، شەيتان ئېيتتى: <پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ سىلەرگە بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشنى مەنئى قىلغانلىقى پەقەت سىلەرنىڭ پەرىشتە بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ياكى (جەننەتتە) مەڭگۈ تۇرۇپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈندۇر> شۇنىڭدەك ئۇلارغا: <مەن چوقۇم سىلەرگە سادىقمەن> دەپ قەسەم ئىچىپ بەردى.»**[3]

مانا مۇشۇنداق قىلىپ شەيتان ئادەم بىلەن ھەۋۋاھغا ھېلىقى چەكلەنگەن دەرەخنىڭ مېۋىسىنى ناھايىتى چىرايلىق كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ ئۇلارغا كۆيۈنىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ پايدىسىنى كۆزلەيدىغان سادىق كىشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ھەر خىل نەيرەڭلەر بىلەن ئۇلارنى ئالدىدى. ھەزرىتى ھەۋۋا بىلەن ئادەم شەيتاننىڭ چىرايلىق سۆزلىرىگە ئىشىنىپ ھېلىقى دەرەخنىڭ مېۋىسىنى شۇنداق يېيىشى ئۈستىدىكى كىيىملىرى يوقىلىپ ئەۋرەتلىرى ئېچىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دەرھال جەننەتتىكى دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرى بىلەن ئەۋرەتلىرىنى يۆگەشكە ئۇرۇندى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**فَدَلَّىٰهُمَا بِغُرُورٍ ۚ فَلَمَّا ذَاقَا ٱلشَّجَرَةَ بَدَتْ لَهُمَا سَوْءَٰتُهُمَا وَطَفِقَا يَخْصِفَانِ عَلَيْهِمَا مِن وَرَقِ ٱلْجَنَّةِ ۖ وَنَادَىٰهُمَا رَبُّهُمَآ أَلَمْ أَنْهَكُمَا**

3 ئەئراف سۈرىسى: 20-21 ئايەتلەر.

**عَن تِلْكُمَا ٱلشَّجَرَةِ وَأَقُل لَّكُمَآ إِنَّ ٱلشَّيْطَٰنَ لَكُمَا عَدُوٌّ مُّبِينٌ﴾ «دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگەندىن كېيىنلا ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرى ئېچىلىپ قالدى، ئۇلار جەننەتتىكى دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرى بىلەن ئەۋرەتلىرىنى يېپىشقا كىرىشتى، ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى (ئۇلارغا كايىپ): <مەن سىلەرگە بۇ دەرەختىنى (يەنى مېۋىسىنى) يېيىشنى مەنئى قىلمىغانمىدىم؟ شۈبھىسىزكى، شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر، دېمىگەنمىدىم؟> دەپ نىدا قىلدى.»**[4]

ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەزرىتى ھەۋۋا شەيتاننىڭ ئۆزلىرىنى ئالدىغانلىقىنى ۋە يالغان سۆزلىگەنلىكىنى، شەيتاننىڭ سۆزىگە ئالدىنىپ ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىنى بىلىپ قاتتىق پۇشايمان قىلدى. لېكىن ئۇلار ئەمدى نېمە قىلىشنى ۋە شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ بۇزغان ئىشىنى قانداق تۈزۈتۈشنى بىلمەيتتى.

ئاللاھ تائالا بەندىسىگە چەكسىز مېھرىبان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا قانداق تەۋبە قىلىدىغانلىقىنى ئۆگىتىپ، تەۋبە قىلىدىغان كەلىمىلەرنى چۈشۈردى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿فَتَلَقَّىٰٓ ءَادَمُ مِن رَّبِّهِۦ كَلِمَٰتٖ فَتَابَ عَلَيۡهِۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ﴾ «ئادەم پەرۋەردىگارىدىن بىرقانچە سۆز تەلىم ئالدى (يەنى گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشى ئۈچۈن ئوقۇيدىغان دۇئا ئۇنىڭغا ئىلھام ئارقىلىق بىلدۈرۈلدى).»**[5] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللاھ تەلىم بەرگەن مۇنۇ سۆزلەر

4 ئەئراف سۈرىسى: 22- ئايەت.

5 بەقەرە سۈرىسى: 37- ئايەت.

بىلەن تەۋبە قىلدى: ﴿قَالَا رَبَّنَا ظَلَمْنَآ أَنفُسَنَا وَإِن لَّمْ تَغْفِرْ لَنَا وَتَرْحَمْنَا لَنَكُونَنَّ مِنَ ٱلْخَٰسِرِينَ﴾ **«ئۇلار: <ئى رەببىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز> دېدى.»**[6] **«ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر.»**[7]

ئاللاھ تائالا ئۇلارنى كەچۈرگەندىن كېيىن جەننەتتىن چۈشۈشكە ئەمرى قىلدى: ﴿وَقُلْنَا ٱهْبِطُوا۟ بَعْضُكُمْ لِبَعْضٍ عَدُوٌّ ۖ وَلَكُمْ فِى ٱلْأَرْضِ مُسْتَقَرٌّ وَمَتَٰعٌ إِلَىٰ حِينٍ﴾ **«(ئادەمگە، ھەۋۋاغا، ئىبلىسقا) «بىر-بىرىڭلار بىلەن ئۆچەكەشكەن ھالدا (جەننەتتىن يەر يۈزىگە) چۈشۈڭلار، يەر يۈزىدە ۋاقىتلىق (ئەجىلىڭلار توشقۇچە) يەرلىشىڭلار ۋە (نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولۇڭلار» دېدۇق.»**[8]

ھەزرىتى ھەۋۋا بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتتىن چىقىپ زېمىنغا چۈشۈشى بىلەن ئىنسانىنىڭ يەر يۈزىدىكى ھاياتى باشلىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئىنسان بىلەن شەيتاننىڭ ئەجەللىك جېڭى باشلىنىپ بولدى. ئاللاھ تائالا ھەزرىتى ئادەم ۋە ئايالى ھەۋۋاغا يەر يۈزىدە ياشاشنى ۋە يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈشنى ئەمدى قىلدى.

ئۇلار يەر يۈزىدە ھايات كەچۈرۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرى بولدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا تۇتۇپ ماڭىدىغان

---

6 ئەئراف سۈرىسى: 23- ئايەت.

7 بەقەرە سۈرىسى: 37- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

8 بەقەرە سۈرىسى: 36- ئايەت.

شەرىئەت نازىل قىلدى. ھەزرىتى ھەۋۋا بالىلىرىنى ياخشى تەربىيىلەپ، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىدىغان قىلىپ يېتىشتۈردى. ھەزرىتى ھەۋۋا ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى پەرمانى بويىچە ياشاپ ئۆتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن. ئامىين!

# پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىنىكئانىسى ھەزرىتى ھەلىمە

ھەزرىتى ھەلىمەنى بارلىق مۇسۇلمانلار چىن دىلىدىن ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇنى قەدىرلەيدۇ. چۈنكى مەككىنىڭ بەنى سەئد يېزىسىدىن بولغان بۇ بەختلىك ئايال پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىنىكئانىسىدۇر.

ھەزرىتى ھەلىمەنىڭ دۇنيانى ياخشىلىقى ۋە مەرھەمىتى بىلەن تولدۇرغان، بەرىكەتلىك، گۈزەل ئەخلاقلىق بوۋاقنى ئېمىتىش شەرىپىگە ئېرىشىشىنىڭ قىزىقارلىق ھېكايىسى بولۇپ، ئۇ ھېكايىنى ھەزرىتى ھەلىمە ئىنسانىنى مەھلىيا قىلىدىغان تاتلىق ئۇسلۇبى بىلەن مۇنداق بايان قىلىدۇ: مەن، ئېرىم ھارىس ۋە كىچىك بالام ئابدۇللاھ بىلەن، ئېمىتىش ئۈچۈن بوۋاق ئىزدەپ يېزىمىزدىن مەككىگە كەلدۇق.

شۇنداق قىلىپ مەككىگە باردۇق، ئېمىدىغان بوۋاق ئىزدىدۇق. ئويلاپ باقمىغان بىر ئىش بولدى. مۇھەممەدنى ئانىسى بىز بىلەن كەلگەن بارلىق ئاياللارغا بىر - بىرلەپ تەقلىدى، لېكىن ھېچبىرىمىز قوبۇل قىلمىدۇق. چۈنكى بىز بۇ دادىسى يوق يېتىم بالىدىن بىزگە نېمە پايدا كېلىدۇ؟! ئۇنىڭ بوۋىسى بىزگە نېمە قىلىپ بېرەلەيدۇ؟! دەيتتۇق.

مەككىدە ئىككى كۈن تۇردۇق، بۇ جەرياندا ھەممە ئاياللار بىردىن ئېمىتىدىغان بوۋاق ئالدى، بىر مەن قالدىم. يېزىمىزغا

قايتماقچى بولغىنىمىزدا ئىرىمغا: «مەن ئۆيىمىزگە بىر بوۋاق ئالماي قۇرۇق قول قايتىشنى خالىمايمەن. چۈنكى ھەمراھلىرىم ئىچىدە بىردىن بوۋاق ئالمىغان بىرمۇ ئايال قالمىدى. مەن چوقۇم بېرىپ ھېلىقى يېتىم بالىنى ئالىمەن» دېدىم.

ئىرىم: «ئالسىڭىز ئىلىڭ، بەلكى ئاللاھ ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن بىر ياخشىلىق نېسىپ قىلا» دېدى.

مەن بېرىپ مۇھەممەدنى ئانىسىدىن ئالدىم. ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىپ ئېيتىمەنكى، مەن ئۇ بالىنى پەقەتلا بالا تاپالمىغانلىقىم ئۈچۈن ئېلىشقا مەجبۇر بولۇپ قېلىپ ئالغان ئىدىم.

مەن ئۇنى ئېلىپ ئۇلاغلىرىمىزنىڭ يېنىغا بارغاندا مۇھەممەدنى قۇچۇقۇمغا قويدۇم، ئۇنىڭ ئاغزىغا ئەمچىكىمنى شۇنداق سېلىشۇدىم، ماشائاللاھ سۈت يوق سولىشىپ قالغان ئەمچىكىمدىن سۈت دېگەن ئېقىپ كەتتى. بالا ئېمىپ تويدى، ئاندىن ئۆزۈمنىڭ بالام ئېمىپ تويدى. ئاندىن ئۇلار ئۇخلاپ قالدى. ئاندىن مەن ئىرىم بىلەن بالىلارنىڭ يېنىدا ئۇخلاش ئۈچۈن ياتتۇق. كېيىن ئىرىمنىڭ كۆزى ئورۇق، ئەمچىكى قۇرۇپ كەتكەن تۆگىگە چۈشتى. شۇنداق قارىسا تۆگىنىڭ ئەمچەكلىرى سۈتكە تولۇپ تومپىيىپ كېتىپتۇ. ئىرىم ھەيرانلىقتا كۆزىگە ئىشىنەلمەي، يۈگۈرۈپ بېرىپ، تۆگىنى سېغىپ ئىچتى، ئاندىن ماڭىمۇ سېغىپ ئەكىلىپ بەردى. سۈتنى ئىچىپ تويدۇق. ئۇ كېچە بىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى كېچە بولدى.

تاڭ ئاتقاندا ئىرىم: «ئى ھەلىمە، مۇبارەك بىر بالىغا

ئېرىشكەنلىكىڭىزنى بىلەمسىز؟» دېدى. مەن: «بۇ ھەقىقەتەن مۇبارەك بالا ئىكەن، مەن ئۇنىڭدىن كۆپ ياخشىلىق ئۈمىد قىلىمەن» دېدىم.

كېيىن مەككىدىن چىقىپ يولىمىزغا راۋان بولدۇق.

شۇنداق قىلىپ بەنى سەئد يېزىسىدىكى ئۆيىمىزگە كەلدۇق. بىزنىڭ يېرىمىز يەر يۈزىدىكى ئەڭ قۇرغاق ۋە قاقشال يەر ئىدى. بىزنىڭ ئۆيگە كېلىشىمىز بىلەن يەرلىرىمىزدىن ئوتلار ئۆسۈپ، ماللىرىمىز ئەتىگەندىن كەچكىچە ئوتلاپ، كەچتە قورساقلىرى تويغان ھالدا قايتىدىغان بولدى.

مانا ئاللاھنىڭ خەيرى - بەرىكىتىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئىككى يىلنى ئۆتكۈزۈپ مۇھەممەدنى ئەمچەكتىن ئايرىدىم.

بۇ بوۋاقنىڭ ئۆسۈشىمۇ ھەمتۇشلىرىنىڭ ئۆسۈشىگە پەقەت ئوخشىمايتتى. ئۇ ئىككى ياشقا تولغاندا خېلى يوغان بالا بولۇپ قالغان ئىدى.

بۇ چاغدا ئۇنى ئېلىپ ئانىسىنىڭ قېشىغا كەلدۇق. لېكىن بىز ئۇنىڭدىن ئايرىلىشنى خالىمايتتۇق. ئۇنىڭ يېنىمىزدا تۇرغان ۋاقتىدىكى بەرىكەتلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېنىمىزدا تېخىمۇ ئۇزۇنراق تۇرۇشىنى خالايتتۇق. ئۇنى ئانىسىنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارغاندا، ئۇنى ئانىسىغا كۆرسىتىپ، بالىنىڭ ساغلاملىقىدىن خاتىرجەم قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆزىمىز بىلەن بىرگە ئېلىپ كەتتىم. بىز ئۆيىمىزگە شۇنداق خۇشال قايتىپ كەلدۇق.

بىز ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىپ بىر نەچچە ئاي ئۆتكەن ئىدى، بىزنى قورقۇتۇپ، ئەندىشىگە سالغان بىر ۋەقە يۈز بەردى. بىر

كۆنى مۇھەممەد ئېمىلدىشى بىلەن ئۆيىنىڭ ئارقىسىدا قوي بېقىشقا چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا مېنىڭ بالام يۈگۈرۈپ كىرىپ: «بولۇڭلار! قۇرەيشلىك قېرىندىشىمنى ئاق كىيىملىك ئىككى ئادەم كېلىپ، ياتقۇزۇپ قورسىقىنى يېرىۋەتتى!» دېدى.

مەن ئېرىم بىلەن يۈگۈرۈپ چىقتۇق. قارىساق مۇھەممەدنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كېتىپتۇ، قورقىنىدىن تىترەپ تۇراتتى. مەن ئۇنى باغرىمغا باستىم.

بالام! ساڭا نېمە بولدى؟!» دېدىم، ئۇنى قۇچاقلاپ..

ئۇ: «ئاق كىيىملىك ئىككى ئادەم كېلىپ، مېنى ياتقۇزدى، ئاندىن قورسىقىمنى ياردى، ئاندىن قورسىقىمدىن بىر نەرسىنى چىقىرىپ ئالغاندىن كېيىن كەتتى. نېمىنى ئالغانلىقىنى بىلمەيمەن» دېدى.

پۇت - قوللىرىمىز تىترىگەن ۋە ئەندىشە قىلغان هالدا ئۆيگە قايتىپ كىردۇق. بىر ئاز ئېسىمىزنى يىغىۋالغاندىن كېيىن ئېرىم: «بۇ مۇبارەك بالىغا قايتۇرۇش قولىمىزدىن كەلمەيدىغان بىر نەرسە بولدىمىكىن، دەپ قورقۇۋاتىمەن. ئۇنى ئائىلىسىگە تاپشۇرۇپ بېرەيلى، دېدى، كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالىنى ئېلىپ مەككىگە باردۇق. ئانىسىنىڭ قېشىغا كىرگىنىمىزدە، ئۇ بىزنى كۆرۈپ هەيرانلىق بىلەن بالىسىنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قاراپ: «هەلىمە! نېمە بولدى؟ مۇھەممەدنى نېمىشقا ئېلىپ كەلدىڭىز؟ ئۇنىڭ يېنىڭىزدا تۇرۇشىنى بەكمۇ ئاررزۇ

قىلىۋاتاتتىڭىز؟ دېدى. مەن: ئۇ كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇپ، مۇكەممەل بالا بولدى، مەن ئۇنىڭغا قىلىدىغان خىزمىتىمنى قىلىپ بولدۇم، ئۇنىڭ بەزى ۋەقەلەرگە ئۇچرىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، سىزگە تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلدىم، دېدىم.

مۇھەممەدنىڭ ئانىسى: «بوپتۇ بالىنى قويۇپ كېتىڭ، ئاللاھ سىزگە ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن» دېدى.

ھەزرىتى ھەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆردى. ئۆزى ئېمىتىپ چوڭ قىلغان يېتىم بالىنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ، بارلىق ئەرەبلەرگە بەلكى پۈتكۈل ئىنسانلارغا رەھبەر بولغانلىقىنى كۆردى. ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ۋە ئۇنىڭغا نازىل بولغان قۇرئان كەرىمگە ئىمان كەلتۈرگەندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇش بولۇپ، «ئانا! ئانا!» دەپ، ئۈچىسىدىكى تونىنى چىقىرىپ، يەرگە سېلىپ ئۇنى ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى. ئۇنىڭغا ناھايىتى بەك ئىززەت ـ ئىكرام قىلدى. ساھابە كىراملار بىر رەسۇلۇللاھقا، بىر ھەلىمىگە قاراپ، ھەيران قېلىشتى.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىنىكئانىسى ھەزرىتى ھەلىمەدىن رازى بولسۇن. ئامىين.

# تىز پۈكمەس ئايال ھەزرىتى سەفىيە

ھەزرىتى سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ناھايىتى ئەقىللىق، ئۆتكۈر پىكىرلىك، ئىغىر - بىسىق، قەھرىمان ئايالدۇر.

ئۇ ھەر تەرىپىدىن شەرەپ يىغىپ تۇرىدىغان ئۇلۇغ ئايالدۇر. ئۇنىڭ دادىسى ئابدۇل مۇتتەلىب بولسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بوۋىسى، قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، مەككىدە سۆزى ئۆتىدىغان نوپۇزلۇق كىشى ئىدى.

ئۇنىڭ ئانىسى ھالە بولسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئانىسى ئامىنەنىڭ ھەدىسى بولىدۇ.

ئۇنىڭ بىرىنچى ئىرى ئۆلۈپ كەتكەن.

ئىككىنچى ئىرى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىرىنچى ئايالى، مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ھەزرىتى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئىنىسى ئەۋۋامدۇر.

ئۇنىڭ ئوغلى زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام بولسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەۋارىسى (يەنى ئەڭ يېقىن ياردەمچىسى) دەپ ئاتالغاندۇر.

بۇنىڭدىن چوڭ شەرەپ بولامدۇ؟!

ھەزرىتى سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىككىنچى ئىرى ئەۋۋام

ۋاپات بولغاندا، كىچىك بالىسى زۇبەير بىلەن قالغان ئىدى. سەفىيە ئۇ بالىنى ناھايىتى جاسارەتلىك ۋە كۈچلۈك قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، قاتتىقلىق ۋە قوپاللىق بىلەن باقتى. ئۇنىڭغا چەۋەندازلىقنى ۋە ئۇرۇش قىلىشنى ئۆگەتتى. ئۇنىڭ ئويۇنى ئوقلارنى ئۈچلاش، ئوقيالارنى رىمونت قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنى داۋاملىق خەتەرلىك ئىشلارغا سالاتتى ۋە قورقۇنچلۇق يەرلەرگە ئەۋەتەتتى.

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىپ، ئىسلام دەۋىتىنى ئۇز تۇغقانلىرىدىن باشلاشقا ئەمرى قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەر ـ ئايال، چوڭ ـ كىچىك پۈتۈن تۇغقانلىرىنى يىغىپ: «ئى مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە! ئى ئابدۇل مۇتتەلىبنىڭ قىزى سەفىيە! ئى ئابدۇل مۇتتەلىب ئەۋلادى! مەن سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرالمايمەن» دېگەندىن كېيىن، ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈشكە ۋە ئۆزىنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە چاقىردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بەزىلەر ھىدايەت نۇرىغا ئەگىشىپ ئىمان كەلتۈردى، بەزىلەر باش تارتتى. ھەزرىتى سەفىيە بولسا ئۇلارنىڭ ئىچىدە دەسلەپ، ئىمان كەلتۈرۈپ، راستچىل مۇسۇلمانلاردىن بولدى. بۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى سەفىيە ھەم نەسەبتىكى شەرەپ، ھەم ئىسلامدىكى ئۇلۇغ پەزىلەتنى ئۆزىدە توپلىدى.

ھەزرىتى سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمانلار سېپىگە قوشۇلغاندىن كېيىن، كاپىرلارنىڭ ھەر تۈرلۈك قىيناش ۋە زوراۋانلىقلىرىغا ئۇچرىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ بالىسى زۇبەير بىلەن قىلچە بوشاشماستىن دىنىدا مۇستەھكەم تۇرۇپ، بارلىق قىيىن ـ قىستاقلارغا سەۋر

قىلـدى.

ئالـلاھ تائـالا پەيغەمبـەر ئەلـەيھىسسـالام بىلـەن مۆئمىنلەرگـە مەدىنـە مۇنەۋۋەرەگـە ھىجـرەت قىلىشـقا رۇخسـەت بەرگەنـدە، ھەزرىتـى سـەفىيە مەككىدىكـى بارلىـق نەرسىسـىنى تاشـلاپ، ئالـلاھ ۋە رەسـۇلۇللاھ ئۈچـۈن مەدىنىگـە ھىجـرەت قىلـدى. ئـۇ يېشـى ئىلگىرىلـەپ يەتمىشـكە يېقىنلىشـىپ قالغـان ئايـال بولسـىمۇ، ئۇنىـڭ جىھـات مەيدانلىرىـدا كۆرسـەتكەن قەھرىمانلارچـە جەڭلىـرى تىللارغـا داسـتان بولـدى. تارىـخ بـۇ قەھرىمـان ئانىنىـڭ خىزمەتلىرىنـى ھەيرانلىـق بىلـەن خاتىرىلەيـدۇ.

ھەزرىتـى سـەفىيە رەزىيەللاھـۇ ئەنھانىـڭ ئوھـۇد غازىتىدىكـى قەھرىمانلىقى:

ئـۇ بىـر قىسـىم ئايالـلار بىلـەن ئالـلاھ يولـدا جىھـات قىلىـپ مۇسـۇلمان قوشـۇن بىلـەن بىرگـە ئوھـۇد ئۇرۇشـىغا چىققـان ئىـدى. ئـۇ سـۇ توشـۇيتتى. ئۇسسـىغانلارغا سـۇ بېرەتتى. ئوقلارنى ئۈچلايتتى. ئوقيالارنى رىمونىت قىلاتتى. ئـۇ پۈتـۈن بـۇ ئىشـلارنى قىلىـش بىلـەن بىرگـە ئۇرۇشـنىڭ يۆنىلىشـلىرىنى ۋە جەريانلىرىنـى ناھايىتـى ھوشـيارلىق بىلـەن كۆزىتەتتـى. چۈنكـى جـەڭ مەيدانىـدا قېرىندىشـىنىڭ ئوغلـى، رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم، ئاكىسـى ھەمـزە رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ ۋە ئوغلـى زۇبەيـر رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ بـار ئىـدى. بۇلارنىـڭ ھەممىسـىدىن مۇھىمـى بـۇ جەڭـدە ئالـلاھنىـڭ دىنـى - ئىسـلامنىـڭ تەقدىـرى بـار ئىـدى.

ئـۇ ئۇرۇش شـۇنداق قاتتىـق بولۇۋاتقان بىـر پەيتتە مۇسـۇلمان ئەسـكەرلەرنىڭ سـەپلىرىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنـى، رەسـۇلۇللاھ

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قوغدايدىغانلارنىڭ قالمىغانلىقىنى ۋە دۈشمەنلەرنىڭ رەسۇلۇللاھقا يېقىنلىشىپ، ئۆلتۈرۈۋېتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە، قولىدىكى سۇ قاچىسىنى تاشلاپ، بالىلىرى ھۇجۇمغا ئۆچرىغان يولۋاستەك جەڭ مەيدانىغا ئېتىلدى. ئۇ قېچىپ كېتىۋاتقان بىر مۇسۇلمان ئەسكەرنىڭ قولىدىن نەيزىسىنى تارتىپ ئالدى ـ دە، دۈشمەن سېپىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، نەيزە بىلەن دۈشمەنلەرنى ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن جەڭ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئېسىت سىلەرگە! رەسۇلۇللاھنى تاشلاپ نەگە قاچىسىلەر؟!! دەپ قېچىپ كېتىۋاتقان مۇسۇلمانلارغا ۋارقىرايتتى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەفىيەنىڭ جەڭ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاكىسى ھەمزىنىڭ جەسىتىنى كۆرۈپ قالمىسۇن، دەپ زۇبەيرگە: «زۇبەير ئاناڭنى قايتۇرغىن! زۇبەير ئاناڭنى قايتۇرغىن!» دېدى. چۈنكى مۇشرىكلار ھەزرىتى ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بەدەنلىرىنى پارچىلاپ، يۈرىكىنى چىقىرىپ، كۆرگەن ئادەمنى چىدىيالمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈۋەتكەن ئىدى.

زۇبەير بېرىپ، ئانا توختاڭ! ئانا توختاڭ! دەپ ئۇنى تۇتۇۋالدى. ھەزرىتى سەفىيە: نېرى تۇر! سېنىڭ ئاناڭ يوق، دېدى.

زۇبەير: رەسۇلۇللاھ سىزنى قايتسۇن دەيدۇ، دېۋىدى، سەفىيە: «نېمىشقا؟! دۈشمەنلەر ئاكامنى ئۆلتۈرۈپ پارچىلىۋەتكەن تۇرسا، ئاللاھ يولىدا ھەممىگە چىدايمەن» دېدى.

ھەزرىتى سەفىيەنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان رەسۇلۇللاھ، زۇبەيرگە، ئۇنى قويۇۋەت، دېدى. زۇبەير ئانىسىنى قويۇۋەتتى.

ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىن، ھەزرىتى سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بېرىپ ئاكىسى ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جەسىتىنى تاپتى. ئۇنىڭ قورسىقى يېرىلغان، جىگەرلىرى چىقىرىلغان، يۈرىكى چاينىۋېلىپ تاشلانغان، بۇرنى ۋە ئىككى قۇلىقى كېسىلگەن، يۈزى تونۇلماس ھالغا كەلتۈرۈلگەن ئىدى. ھەزرىتى سەفىيە بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ھەزرىتى ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن: «بۇنىڭ ھەممىسى ئاللاھ يولىدا بولدى. مەن ئاللاھنىڭ قازا ـ قەدىرىگە رازى بولىمەن، ئاللاھ تائالادىن ئەجرى ئەزىم تىلەپ، بۇ ئېغىر مۇسىبەتكە ئىنشائاللاھ سەۋر قىلىمەن، دېدى.

مانا بۇ ھەزرىتى سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئوھۇد غازىتىدىكى باتۇرلىقى. ئەمما ئۇنىڭ خەندەك غازىتىدىكى مەيدانىنىڭ شۇنداق تەسىرلىك ھېكايىسى باركى، ئۇنىڭ ئۆرۈشى ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ئارقىقى سۇباتلىق ۋە ئىرادە بىلەن توقۇلغاندۇر.

خەندەك ئۇرۇشى بولغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆز ئاياللىرى بىلەن بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاياللىرىنى ھەسسان ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھويلىسىغا يىغىپ، ھەسسان ئىبنى سابىتنى ئۇلارغا مۇھاپىزەتچى قىلدى. چۈنكى بۇ ھويلا مەدىنىدىكى ئەڭ مۇستەھكەم ۋە ئېگىز بىر يەرگە سېلىنغانلىقى ئۈچۈن ئاسانلىقچە كىشى يېتىشەلمەيتتى.

مۇسۇلمانلار خەندەكنىڭ ئەتراپىدا مەككىدىن ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن قۇرەيش ۋە ئىتتىپاقداشلىرىدىن تەركىب تاپقان دۈشمەنلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ھېچكىم ئاياللارغا قارىيالمىدى.

ھەزرىتى سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا كېچە قاراڭغۇلۇقىدا ھويلىنىڭ تېمى ئەتراپىدا تىمىسقىلاپ يۈرگەن بىرىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ قالدى - دە، ئاستا ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەتتى. قارىسا ئۇ بىر يەھۇدى بولۇپ، ھويلىدىكى ئاياللارنى قوغدايدىغان قانچە ئەسكەر بار؟ ياكى ھويلىنىڭ ئىچىدىكىلەر ئاياللار بىلەن كىچىك بالىلاردىنلا ئىبارەتمۇ؟ بىلىش ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلىپ كەلگەن ئىكەن.

ھەزرىتى سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆز ئۆزىگە: «بەنى قۇرەيزە يەھۇدىلىرى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن تۈزگەن توختامنى بۇزۇپ، مۇسۇلمانلارغا قارشى قۇرەيشلەر بىلەن بىرلەشتى. ئۇلار ھازىر مۇسۇلمانلارغا قارشى جەڭ قىلىۋاتىدۇ. بىزنى يەھۇدىلارنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە قىلىدىغان ھېچكىم يوق. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسۇلمانلار بىلەن دۈشمەنگە قارشى تۇرىۋاتىدۇ، بىزگە قارىيالمايدۇ. ئەگەر ماۋۇ يەھۇدى بىزنىڭ يالغۇزلىقىمىزنى قەۋمىگە يەتكۈزسە، ئۇلار كېلىپ ئاياللارنى ئەسىر ئېلىپ، بالىلارنى قۇل قىلىدۇ. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا چوڭ ئەڭ چوڭ مۇسىبەت بولىدۇ» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ياغلىقىنى بېشىغا سەللە قىلىپ ئورىدى، كىيىملىرىنى ئەرەنچە بېلىگە باغلىغاندىن كېيىن، يوغان بىر ياغاچنى

دولىسىغا ئالدى ـ دە، ھويلىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ، ناھايىتى پەخەسلىك بىلەن يوشۇرۇنۇپ تۇردى. ھېلىقى يەھۇدى يېقىنلىشىپ كەلگەندە، ئېتىلىپ بېرىپ، قولىدىكى ياغاچ بىلەن يەھۇدىنىڭ بېشىغا بىرنى قويۇپ، دۈشمەننى يەر چىشلەتتى. ئاندىن ئۇنى بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇپ، ئۇنىڭ جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى.

سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆزى يېنىدىكى پىچاقنى چىقىرىپ، دۈشمەننىڭ بېشىنى كېسىپ، پەسكە تاشلىدى. پەستە كۈتۈپ تۇرغان دۈشمەن قوشۇن، رازۋېدكىغا ئەۋەتكەن ئادىمىنىڭ بېشىنى كۆرۈپ، بىر ـ بىرىگە: «مۇھەممەد ئاياللارنى يالغۇز قالدۇرماپتۇ، ئۇلارنى قوغدايدىغان قوشۇن بار ئىكەن» دېيىشىپ قايتىپ كەتتى.

ھەزرىتى سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئەقلىنىڭ ئۆتكۈرلىكى ۋە كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقى سايىسىدە، مۇداپىئەسىز قالغان ئاياللار دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىپ قالدى. تارىخ سەھىپىلىرىگە ئالتۇن خەتلەر بىلەن «ئىسلام تارىخىدا كاپىرنى ئۆلتۈرگەن بىرىنچى ئايال» دەپ يېزىلدى. ئاللاھ تائالا بۇ ئۇلۇغ ئانىمىزدىن رازى بولسۇن ئامىين.

# پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىزى ھەزرىتى فاتىمە

ھەزرىتى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھاياتى جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھاياتىنىڭ نۇرلۇق بىر بۆلۈمىدۇر.

ھەزرىتى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، پەيغەمبەر بولۇشتىن بەش يىل بۇرۇن كەبىنى يىقىپ قايتىدىن ياسىغان يىلى دۇنياغا كەلگەن.

ھەزرىتى فاتىمەنىڭ ئانىسى بولسا، ئەقىل - پاراسەت، ئۆتكۈر پىكىر، گۈزەل ئەخلاق، پەزىلەت ۋە شەرەپتە تەڭدىشى يوق ئايال بولۇپ، ئىنسانلار رەسۇلۇللاھنى ئىنكار قىلغاندا، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىشەنگەن، كىشىلەر رەسۇلۇللاھنى يالغانچى دېگەندە، ئۇ راستچىل دەپ بىلگەن، كىشىلەر رەسۇلۇللاھنى مەھرۇم قىلغاندا، ئۇ پۈتۈن مال - مۈلكىنى ئۇنىڭ يولىدا پىدا قىلغان ئايالدۇر.

مانا مۇشۇ ئۈلۈغ ئايال ھەزرىتى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەزرىتى فاتىمە زەھرانىڭ ئانىسىدۇر.

ھەزرىتى فاتىمە زەھرا ئاتا - ئانىسىنىڭ كەنجى بالىسىدۇر. ئاتا - ئانىلار كەنجى بالىسىنى ھەممىدىن بەك سۆيىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ھەممىدىن بەك مېھرىبان بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەمنىڭ رەيھانگۈلى ئىدى. ئۇ خۇشال بولسا رەسۇلۇللاھ خۇشال بولاتتى، ئۇ خاپا بولسا رەسۇلۇللاھ خاپا بولاتتى.

لېكىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بۇ پەۋقۇلئاددە مۇھەببىتى، سۆيۈملۈك قىزىنى تەربىيىلەپ، ھەر خىل ئېغىر مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ، ھۆددىسىدىن چىقىدىغان، چىداملىق قىلىپ يېتىشتۈرۈشكە توسالغۇ بولغان ئەمەس.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئوھۇد ئۇرۇشىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يارىلىرىنى ھەزرىتى فاتىمە تاڭغان ئىدى.

ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەزرىتى فاتىمە زەھرانى تەلەپ قىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەزرىتى ئەلىنىڭ تەلىپىگە شۇنداق تېز ماقۇل بولدى، ئەلى خۇشاللىقىدىن ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىپ سەجدىگە باش قويدى. ئۇ سەجدىدىن باش كۆتۈرۈۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ ئىككىڭلارنى مۇبارەك قىلسۇن، ئىككىڭلارنى بەختلىك قىلسۇن ۋە سىلەردىن نۇرغۇنلىغان ياخشى كىشىلەرنى چىقارسۇن» دېدى.

ھەزرىتى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەزرىتى ئەلىگە نىكاھلىنىش مۇراسىمىغا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئوسمان، ھەزرىتى تەلھە، ھەزرىتى زۇبەير ۋە ئەنسار ساھابىلەردىنمۇ بىر نەچچە كىشى ھازىر بولدى. مېھمانلار يەرلىرىدە ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق نىكاھ ئوقۇدى: «نېمەتلىرى بىلەن مەدھىيىلەنگۈچى ۋە قۇدرىتى بىلەن ئىبادەت قىلىنغۇچى ئۇلۇغ ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇنكى،

قـۇدا ـ باجىلىقنـى قوشـۇمچە نەسـەب، بولۇشـقا تېگىشـلىك ئـىش، ئادالـەتلىـك ھۆكـۈم ۋە ئـەڭ ياخشـى جۇغلىغۇچـى قىلـدى. ئۇنىـڭ بىلـەن ئۇرۇق-تۇغقانلىقنـى باغلىـدى. ئىنسـانلارغا بـۇ ئىشـنى ۋاجىـپ قىلىـپ مۇنـداق دېـدى: (وَهُـوَ ٱلَّـذِى خَلَـقَ مِـنَ ٱلْمَـآءِ بَشَـرًا فَجَعَلَـهُۥ نَسَـبًا وَصِهْـرًا ۗ وَكَانَ رَبُّـكَ قَدِيـرًا) «ئالـلاھ ئىنسـاننى ئابىمەنىدىـن ياراتتـى، ئۇنـى باللـار نىسـبەت بېرىلىدىغـان ئـەر ۋە قۇدا-باجىلىـق پەيـدا قىلىدىغـان ئايـال (دىـن ئىبـارەت ئىككـى خىـل قىلىـپ) ياراتتـى، پەرۋەردىگارىـڭ ھەممىگـە قادىـردۇر.»[9] مـەن سـىلەرنى گۇۋاھچـى قىلىمەنكـى، فاتىمەنـى ئەلىغـا نىكاھـلاپ بەردىـم، فاتىمەنىـڭ مەھـرى 400 مىسـقال كۆمـۈش بولـدى. ئەگـەر بـۇلار ئەمـەل قىلىنىـۋاتقـان سـۈننەت ۋە پـەرز بويىچـە بۇنىڭغـا رازى بولسـا، ئالـلاھ ئۇلارنـى بىرلەشتۈرسـۇن، ئۇلارنـى مۇبـارەك قىلسـۇن ۋە ئۇلارنىـڭ نەسـلىنى پـاك قىلسـۇن. بـۇ سـۆزۈمنى دېيىـش بىلـەن بىرگـە ئالـلاھ تائالاغـا ئىسـتىغفار ئېيتىمـەن.» رەسـۇلۇللاھ نىكاھنـى تۈگـەتتـى. ھەزرىتـى فاتىمـە زەھـرا ھەزرىتـى ئەلىنىـڭ ئۆيىگـە يۆتكـەپ كېتىلـدى.

ھەزرىتـى فاتىمـە رەزىيەللاھـۇ ئەنھـا يېڭـى تـوي قىلىـپ كىرگـەن ئۆيـدە بـار سـەرەمجانلار: ئارغامچىـدا توقۇلغـان بىـر كارۋات، ئىچـى قـوۋزاق بىلـەن تولدۇرۇلغـان بىـر ياسـتۇق، بىـر تۇلـۇم، بىـر قاچـا، بىـر ئەلگـەك، بىـر لۆڭگـە، بىـر پىيالـە، بىـر يارغۇنچـاق. ئىككـى دانـە كوزىدىـن ئىبـارەت ئىـدى.

رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم ھەزرىتـى فاتىمەنىـڭ يىـراق تۇرۇشـىغا چىدىيالمـاي، ئۇنـى يېقىنىغـا كۆچـۈرۈپ كەلمەكچـى بولـدى. رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھى

9 فۇرقان سۈرىسى: 54 ـ ئايەت.

ۋەسەللەمنىڭ قوشنىلىرىدىن ھارىسە ئىبنى نومان كېلىپ: «يا رەسۇلەللاھ! سىزنىڭ فاتىمەنى يېقىنىڭىزغا ئەكەلمەكچى بولغانلىقىڭىزنى ئاڭلىدىم. مېنىڭ ئۆيلىرىم بەنى نەججار ئۆيلىرىنىڭ ئىچىدە سىلىگە يېقىنىراق، مەن ئۆزۈمنى ۋە مال مۈلكۈمنى ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھغا ئاتىۋەتكەنمەن. يارەسۇلەللاھ! مېلىمنى قوبۇل قىلسا، ئۇنىڭ قولۇمدا قالغىنىدىن بەكرەك خوش بولىمەن» دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «راست ئېيتتىڭ، ئاللاھ ساڭا بەرىكەت ئاتا قىلسۇن» دېگەندىن كېيىن، ھەزرىتى فاتىمەنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيلىرىدىن بىرىگە كۆچۈرۈپ كەلدى.

ھەزرىتى فاتىمە زەھرا رەسۇلۇللاھغا قوشنا بولغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ھەر كۈنى ئۇلارغا سالام بېرەتتى. سەپەردىن قايتىپ كەلسە، مەسجىدكە كىرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئاندىن ھەزرىتى فاتىمەنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇزۇن ئولتۇرۇپ، ئاندىن چىقىپ ئاياللىرىنىڭ ئۆيىگە كىرەتتى.

مۇھەممەد ئىبنى قەيس مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قېتىم ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن سەپەرگە چىقتى. ھەزرىتى فاتىمە ئۇلار كەلگۈچە ئۆزىگە بىر جۈپ بىلەيزۈك، بىر مونچاق، بىر جۈپ زىرە ياساتقان ۋە ئىشىكىگە پەردە ئاسقان ئىدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردىن قايتىپ كېلىپ ئادىتى بويىچە ھەزرىتى فاتىمە زەھرانىڭ ئۆيىگە كىردىيۇ - ناھايىتى غەزەپلىك ھالدا قايتىپ چىقتى.

ساھابىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمرىنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. رەسۇلۇللاھ مۇنبەرگە چىقىپ خۇتبە سۆزلىدى، خۇتبىدە پەيغەمبەر قىزىنىڭ دۇنياغا بېرىلمەسلىكىنى تىلغا ئالدى. مانا بۇ چاغدا ھەزرىتى فاتىمە رەسۇلۇللاھنىڭ نېمە ئۈچۈن غەزەپلەنگەنلىكىنى چۈشەندى ۋە دەرھال قولىدىكى بىلەيزۈك، بويىنىدىكى مونچاق، قۇلىقىدىكى زىرە، ئىشىكتىكى پەردىنى چىقىرىپ ھەممىنى بىر ئادەمگە بېرىپ: «بۇنى رەسۇلۇللاھقا ئېلىپ بارغىن، قىزىڭىز سىزگە سالام ئېيتتى ۋە بۇ نەرسىلەرنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلسۇن دېدى» دېگىن، دەپ تاپىلىدى. ئۇ كىشى كېلىپ ئەھۋالنى يەتكۈزۈۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «ناھايىتى ياخشى قىپتۇ، دادىسى ئۇنىڭغا پىدا بولسۇن، دۇنيا مۇھەممەد ۋە ئائىلىسىگە لايىق ئەمەس. ئەگەر دۇنيانىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا پاشىنىڭ بىر قانىتىچىلىك قەدىرى بولسا ئىدى، كاپىرغا بىر يۇتۇم سۇ بەرمەيتتى» دېدى.

فاتىمە زەھرا ياتلىق بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئاللاھ تائالا ئۇلارغا پەرزەنت ئاتا قىلدى. ھەسەن، ھۈسەيىن دۇنياغا كەلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەۋرىلىرىنى ناھايىتىمۇ بەك ياخشى كۆرەتتى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەۋرىلىرىنى ئەركىلىتەتتى، ئۇلار بىلەن ئوينىشاتتى، ئۇلارنى ئوينىتاتتى. بەزىدە نامازدا ئۇلاردىن بىرى بويىنىغا مىنىۋالسا، ئۇلارنى راھەتسىز قىلماسلىق ئۈچۈن سەجدىنى ئۇزۇن قىلاتتى.

ھەزرىتى فاتىمە زەھرا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كىرسە، رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئورنىدىن تۇرۇپ قارشى ئېلىپ، پېشانىسىگە سۆيۈپ، ئۆز ئورنىدا

ئولتۇرغۇزاتتى. ئەگەر رەسۇلۇللاھ ھەزرىتى فاتىمەنىڭ يېنىغا كىرسە، فاتىمە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنى قارشى ئېلىپ، قولىغا سۆيۈپ ئۆز ئورنىغا ئولتۇرغۇزاتتى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولۇش ئالدىدا كېسەل ياتقاندا، ھەزرىتى فاتىمە زەھرا يوقلاپ كىردى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمە دېۋىدى، ھەزرىتى فاتىمە يىغلاپ كەتتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇنى تارتىپ قۇلىقىغا يەنە بىر نەرسە دېۋىدى، فاتىمە كۈلۈپ كەتتى. ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ئىدى.

ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، فاتىمەدىن رەسۇلۇللاھنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى، نېمە ئۈچۈن يىغلاپ، نېمە ئۈچۈن كۈلگەنلىكىنى سورىدىم. فاتىمە جاۋاب بېرىپ: رەسۇلۇللاھ باشتا قۇلىقىمغا ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى شۇڭىغا يىغلىدىم. ئاندىن ئائىلىسى ئىچىدە ئۇنىڭغا ئەڭ بۇرۇن قوشۇلىدىغان كىشىنىڭ مەن ئىكەنلىكىمنى ئېيتىۋىدى، كۈلدۈم» دېدى.»

ھەزرىتى فاتىمە زەھرا رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولۇپ بىر نەچچە ئايدىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى. بەزى رىۋايەتتە 6 ئاي كېيىن، يەنە بەزى رىۋايەتتە ئۈچ ئاي كېيىن ۋاپات بولدى دېيىلىدۇ.

ھەزرىتى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھىجرىيىنىڭ 11-يىلى رامىزان ئېيىدا، دادىسىغا قوشۇلىدىغانلىقىغا خۇشال بولۇپ، روھىنى ئاللاھغا تاپشۇردى. ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغان

ئەسما بىنتى ئۇمەيس مۇنداق دەيدۇ: «فاتىمە نەپەس ئۈزۈش ئالدىدا ناھايىتى ياخشى يۇيۇنۇپ، پاكلاندى. ئاندىن ماڭا يېڭى كىيىملىرىنى ئەكىلىپ بېرىڭ دېدى. مەن كىيىملىرىنى ئەكىلىپ بەردىم. ئۇ كىيىملىرىنى كەيگەندىن كېيىن: «مەن غۇسلى قىلىپ يۇيۇندۇم، ھېچكىم مېنى يۇيىمەن دەپ بەدىنىمنى ئاچمىسۇن. مۇشۇ كىيىمىم مېنىڭ كېپىنىمدۇر» دېدى.

ئاندىن تەبەسسۇم قىلىپ كۈلدى. ئۇ دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن تەبەسسۇم قىلغان ئەمەس ئىدى، پەقەت جان ئۈزۈش ئالدىدا تەبەسسۇم قىلدى.

پاكدامەن ئانىمىز، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رەيھان گۈلى، جەننەت ئاياللىرىنىڭ ئەپەندىسى ھەزرىتى فاتىمە زەھرا رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىگە رامىزاندا كۆچكەن ئىدى، جەننەتكىمۇ رامىزاندا كۆچتى. ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن! ئامىين.

# پەيغەمبىرىمىزگە تۇنجى بەيئەت قىلغان ئايال ھەزرىتى نەسىيبە

ھەزرىتى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىلىك مۇسۇلمانلاردىن بىرىگە يوشۇرۇن ھالەتتە «بۇگۇن كېچىنىڭ ئۇچىنچى يېرىمىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن كۆرۈشىسىلەر» دېگەن ئىدى. بۇ خەۋەر ناھايىتى تېز ۋە ناھايىتى مەخپى ھالدا مەدىنىدىن كەلگەن پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا يەتتى. ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن مەككىگە كەلگەن مۇشرىك ھاجىلار كېچە ئۇيقىغا كەتكەندە مۇسۇلمانلار بىر-بىرلەپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ بىر يەرگە جەم بولۇشقا باشلىدى. مۇشرىك ھاجىلار كۇندۇزى بۇتلارنى ئايلىنىپ تاۋاپ قىلىش ۋە بۇتلىرىغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىش بىلەن ھېرىپ كەتكەچكە قاتتىق ئۇيقۇغا غەرق بولغان ئىدى.

لېكىن مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنىڭ ھەمراھلىرى - مەدىنە مۇسۇلمانلىرىنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كىرمەيتتى. ئۇلارنىڭ دىللىرى قاقاس چۆللەر ۋە تاغۇ تاش باياۋانلارنى ئېشىپ بىر كۆرۈش ئارزۇسى بىلەن كەلگەن ئۇلۇغ پەيغەمبىرىنى كۆرىدىغانلىقى بىلەن خۇشاللىقتا چۆمگەن، يۈرەكلىرى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن كۆرەكلىرىنى يېرىپ ئۇچۇپ كەتكىلى تاس قالغان تۇرسا، ئۇلارنىڭ كۆزىگە قانداقمۇ ئۇيقۇ كىرسۇن؟!

ئۇلار كۆرمەي تۇرۇپ ئىمان كەلتۈرگەن ھەق پەيغەمبىرىنى كۆرۈشكە ئاشىقى بىقارار بولغان ئىدى.

تەشرىق كۈنلىرىنىڭ ئوتتۇرىسى يەنى قۇربان ھېيتىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى تاڭئاتا كېچىسى تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن، مىنادىكى ئەقەبە دېگەن جايدا بۈيۈك ئۇچرىشىش ئەمەلىيلەشتى. مەدىنىدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرۈش ۋە ئۇنى مەدىنىگە تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن 72 كىشى كەلگەن ئىدى. ئۇلار بىر-بىرلەپ رەسۇلۇللاھنىڭ قولىغا قولىنى قويۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆز ئاياللىرى ۋە ئۆز بالىلىرىنى قوغدىغاندەك قوغدايدىغانلىقىغا بەيئەت قىلىشتى.

ئەرلەر تۈگىگەندىن كېيىن ئىككى ئايال كېلىپ ئەرلەر بەيئەت قىلغان ئىشقا بەيئەت قىلدى. لېكىن ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ قولىنى تۇتمىدى. چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللار بىلەن قول تۇتۇپ كۆرۈشمەيتتى. بۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرى ئۇممۇ مەنىئ دېگەن ئايال، يەنە بىرى مازىنىيەلىك كەئبىنىڭ قىزى نەسىيبە بولۇپ، ئۇممۇ ئۇممارە دەپ ئاتىلاتتى.

ھەزرىتى نەسىيبە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن كۆرۈشۈش شەرىپىگە ئېرىشكىنىگە ناھايىتى خۇشال بولغان ۋە رەسۇلۇللاھقا بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغانلىقىغا قەتئىي بەل باغلىغان ھالدا مەدىنىگە قايتتى. كۈنلەر، ئايلار بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ تېز ئۆتۈپ ئوھۇد غازىتى بولدى. ھەزرىتى نەسىيبە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇجاھىدلارغا سۇ توشۇيدىغان قاچا ۋە يارىلانغانلارنىڭ

يارىسىنى تاڭىدىغان رەخ پارچىلىرىنى ئېلىپ ئوھۇد غازىتىغا چىققان ئىدى.

بۇ غازاتتا ئۇنىڭ ئېرى، ئىككى بالىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇنى ۋە ئالлاھنىڭ دىنىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن چىققان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرى بار ئىدى.

ئۇرۇش باشلاندى. باشتا مۇسۇلمانلار غەلىبە قىلغان ئىدى، كېيىن بىردىنلا ۋەزىيەت تەتۈرسىگە ئايلاندى. ھەزرىتى نەسىيبە رەزىيەللاھۇ ئەنھا غالىبىيەتنىڭ مەغلۇبىيەتكە قانداق ئايلانغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. مۇسۇلمان ئەسكەرلەر قاتتىق قورشاۋغا چۈشۈپ قېلىپ، جەڭ مەيدانىدا ئار - ئارقىدىن شېھىد بولۇشقا باشلىدى. بۇ ھايات - ماماتلىق جەڭدە مۇسۇلمانلار ھەر تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. ھەتتا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا پەقەت ئونغا يەتمەيدىغان كىشىلەرلا قالدى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ بىر چوڭقۇرغا يىقىلىپ چۈشتى. كاپىرلار دەرھال مۇھەممەد ئۆلدى دېگەن خەۋەرنى تارقاتتى. بۇ خەۋەر كاپىرلارنى كۈچلەندۈرسە، مۇسۇلمانلارنىڭ روھىنى چۈشۈرەتتى.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ھەزرىتى نەسىيبە رەزىيەللاھۇ ئەنھا قولىدىكى سۇ قاچىلىرىنى تاشلاپ، باللىرى ھۇجۇمغا ئۆتۈرىغان شىردەك جەڭ مەيدانىغا ئېتىلدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋالنى نەسىيبەنىڭ ئۆزىدىن ئاڭلايلى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئەتىگەندە مۇجاھىدلارغا سۇ توشۇيدىغان قاچىلارنى ئېلىپ ئوھۇدقا باردىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بارغىنىمدا غەلىبە ۋە كۈچ

قـوۋۋەت ئۇنـىـڭ تەرىپـىـدە ئىـدى. كـېيـىـن بـىردىـنـلا مۇسۇلـمـانلار رەسـۇلـۇللاھنى تاشـلاپ قېچىـشـقا باشـلـىدى. رەسـۇلۇللاھنىڭ يېنىـدا قالغانـلار ئـون كـىشـىگە يەتمەيتتـى. مـەن، ئوغلـۇم ۋە ئېرىم بىلـەن بىرىـپ رەسـۇلـۇللاھنى مۇسـتەھكەم تاشـقا ئوخشاش ئورىۋالـدۇق. قولـىمـىزدا بـار قـورال ۋە كۈچـىمـىز بىلەن رەسـۇلـۇللاھنى مۇداپىئـە قىلىـشـقا باشـلىدۇق. رەسـۇلـۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلـەيھى ۋەسـەللـەم مېنـى كـۆردى. مېنـىـڭ ئۆزەمنى مۇشـرىكلارنىڭ ئۇرۇشـلىرىدىن قوغدايدىغـان قالقىـنـىـم يـوق ئىـدى. رەسـۇلـۇللاھ قېچىـپ كېتىۋاتقـان بىرىگـە قالقىـنـىڭنى جـەڭ قىلىدىغانلارغـا تاشـلاپ كـەت! دېـدى. ئـۇ ئـادەم قالقىـنـىنى تاشـلاپ كـەتتى. مـەن قالقاننـى ئېلـىـپ ئۇنـىـڭ بىلـەن رەسـۇلـۇللاھنى مۇداپىئـە قىلىـشـقا باشـلـىدىم. قولـۇمدىكى قىلـىچ بىلـەن رەسـۇلـۇللاھنى قوغـداپ جـەڭ قىلاتتـىم. قايسى تەرەپـتـىـن رەسـۇلـۇللاھقا ئـوق ئېتىلسـا ئۆزۈمـنـى ئۇنىڭغـا ئاتاتتـىم. ھەتتـا يارىلىرىـم مېنـى ئاجىزلاشـتۇرغان ئىـدى.

بىـر شـۇ قـېتـىـم ئەھۋالـدا تۇرغىنىمـىزدا ئىبنـى قەمىئـە دېگـەن كاپىـر غەزەپلەنگـەن تۆگـىدەك ھۇجـۇم قىلـىـپ كېلـىـپ: مۇھەممـەد قېنـى؟ مـاڭا مۇھەممەدنـى كـۆرسـىتـىڭلار! دېـدى. مۇسئەب ئىبنـى ئۇمەيـر بىلـەن مـەن ئۇنـىـڭ يولـىنى توسـتۇق. ئـۇ قىلـىچـى بىلـەن مۇسـئەبنى ئـۇرۇپ ئۆلتـۈرۈۋەتتـى. كـېيـىـن مېنـى ئـۇرۇپ بوينۇمـنـى قاتتـىـق جاراھەتلەنـدۈردى. مـەن ئۇنـى بىـر نەچچـنـى ئۇرغـان بولسـامـۇ، لېكـىـن كاپىـر تۆمـۈر كـىيـىم كـىيـىۋالغـان ئىكـەن، كـار قىلـمـىـدى.»

ھەزرىتـى نەسـىيبە رەزىيەللاھـۇ ئەنھا سـۆزىنى داۋاملاشـتۇرۇپ مۇنـداق دەيـدۇ: «ئوغلـۇم رەسـۇلـۇللاھنى مۇداپىئـە قىلـىـپ جـەڭ قىلىۋاتاتتـى، كاپىرلاردىـن بىـرى كېلـىـپ، ئۇنـى

شۇنداق قاتتىق ئۇردىكى، بىلىكىنى كېسىۋەتكىلى تاس قالدى. ئۇنىڭ قولىدىن بۇلدۇقلاپ قان ئېقىشقا باشلىدى. چاقماق تېزلىكىدە ئۇنىڭ يارىسىنى تېڭىپ: «ئوغلۇم تۇر، دۈشمەنلەرگە قارشى جەڭ قىل، بوشاشما» دېدىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا قاراپ: «ئى نەسىيبە! كىم سىزدەك چىداملىق بولالايدۇ؟!» دېدى. ئاندىن بالامنى ئۇرغان كاپىر قايتا ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «نەسىبە! بالىڭىزنى ئۇرغان مۇشۇ» دېدى. مەن ئۇنىڭغا شۇنداق تېز ئېتىلىپ بېرىپ، قىلىچ بىلەن پاچىقىغا بىرنى قويۇۋېدىم، ئۇ يەرگە يىقىلىپ چۈشتى. ئاندىن ئۇنى نەيزە، قىلىچلىرىمىز بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈردۇق. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا قاراپ تەبەسسۇم قىلىپ: «ئى نەسىيبە! قىساسىڭىزنى ئالدىڭىز، سىزگە غەلىبە ئاتا قىلغان ۋە ئىنتىقامىڭىزنى ئۆزىڭىزگە كۆرسەتكەن ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇن» دېدى.

ھەزرىتى نەسىيبە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئىككى ئوغلى جاسارەت ۋە پىداكارلىقتا ئاتا-ئانىسىدىن ھەرگىز تۆۋەن ئەمەس ئىدى. چۈنكى بالا ئاتا-ئانىسىنىڭ سىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھەقىقى ئوبرازىدۇر. ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئوھۇد غازىتىغا چىقتىم. مۇسۇلمان ئەسكەرلەر قېچىشقا باشلىغاندا، ئانام بىلەن مەن رەسۇلۇللاھقا يېقىنلىشىپ، ئۇنى مۇداپىئە قىلدۇق. رەسۇلۇللاھ: «ئىبنى ئۇممى ئۇمارە!» دېدى. مەن: «مانا مەن» دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «ئات» دېدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ مۇشرىكلاردىن بىرىگە تاش ئاتتىم. ئۇ كاپىر يەرگە يىقىلدى. ئۇنىڭغا تاشلارنى

ئېتىۋېرىپ ئۇنى تاشقا كۆمۈۋەتتىم. رەسۇلۇللاھ ماڭا قاراپ تەبەسسۇم قىلدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەتراپىغا توختىماي قاراپ چىقاتتى. بىر ئارا ئانامنىڭ يارىلانغانلىقىنى كۆرۈپ، ماڭا: «ئاناڭ..! ئاناڭ..! ئۇنىڭ يارىسىنى تاڭغىن! ئاللاھ سىلەرگە بەرىكەت ئاتا قىلسۇن! ئاناڭنىڭ جەننەتتىكى مەرتىۋىسى پالانى - پالانىلارنىڭ مەرتىۋىسىدىن ئۈستۈن بولىدۇ، ئاللاھ سىلەرگە رەھىم قىلسۇن!» دېدى.

ئانام رەسۇلۇللاھقا قاراپ: «يا رەسۇلەللاھ! جەننەتتە سىلەر بىلەن بىرگە بولۇشىمىز ئۈچۈن دۇئا قىلسىلا» دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلارنى جەننەتتە مېنىڭ ھەمراھلىرىم قىلغىن» دەپ دۇئا قىلدى. ئانام: «بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا دۇنيادا كەلگەن مۇسىبەتلەرگە پىسەنت قىلمايمەن» دېدى.

ھەزرىتى نەسىيبە ئوھۇد غازىتىدىن يارىلانغان ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ دۇئاسىنى ئالغان ھالدا قايتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ئوھۇددىن: «ئوڭۇمغا، سولۇمغا، قايسى تەرەپكە قارىسام نەسىيبىنىڭ مېنى قوغداپ جەڭ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم» دەپ، ھەزرىتى نەسىيبىنى ماختىغان ھالدا قايتتى.

ھەزرىتى نەسىيبە رەزىيەللاھۇ ئەنھا قاتناشقان غازات پەقەت ئوھۇد غازىتىلا ئەمەس، بەلكى ئۇ كۆپلىگەن غازاتلارغا قاتناشقان. ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇدەيبىيە غازىتى، خەيبەر غازىتى، ئۆمرە، ھۇنەين غازىتى ۋە رىزۋان بەيئىتىگە قاتناشقاندۇر.

لېكىن ئۇنىڭ ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىدە يەمامە ئۇرۇشىدا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقى ئالدىدا، ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى غازاتلىرى ھېچنەرسە ئەمەس.

ھەزرىتى نەسىيبە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يەمامە كۈنىدىكى ھېكايىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدىن باشلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ئوغلى ھەبىبتىن مۇسەيلىمەتۇلكاززابقا خەت ئەۋەتكەن ئىدى.

مۇسەيلىمە ئەلچىلىك قانۇنىغا خىيانەت قىلىپ، ھەزرىتى ھەبىبنى ئادەمنىڭ تېرىلىرى تىكەن - تىكەن بولۇپ كېتىدىغان ۋەھشىيلىك بىلەن ئۆلتۈردى.

مۇسەيلىمە ھەزرىتى ھەبىبنى باغلىدى، ئاندىن ئۇنىڭغا: «مۇھەممەدنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە ئىشىنەمسەن؟» دېدى. ھەبىب: «ھەئە، ئىشىنىمەن» دېدى. مۇسەيلىمە: «مېنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمگە ئىشىنەمسەن؟» دېدى. ھەبىب: «نېمە دېگەنلىكىڭنى ئاڭلىمىدىم» دېدى. مۇسەيلىمە ھەبىبنىڭ بىر ئەزاسىنى كەستى. ئۇ ئەينى سوئالنى تەكرارلايتتى، ھەبىب ئەينى جاۋابنى بېرەتتى. ھەر بىر جاۋاب بەرگىنىدە بىر ئەزاسىنى كېسەتتى. ھەتتا ئۇنىڭ پاك جېنى چىققۇچە شۇنداق قىلىۋەردى. مۇسەيلىمە ھەزرىتى ھەبىبكە شۇنداق ئازاب قىلدىكى، ئۇنىڭدىن قاتتىق تاشلارمۇ چىدىيالماي نالە قىلىپ كەتتى.

مۇسەيلىمەنىڭ ھەزرىتى ھەبىبنى قانداق قىيناپ ئۆلتۈرگەنلىكى ھەزرىتى نەسىيبە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا

يەتكۈزۈلگەندە، ئۇ: «مەن ئۇنى مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلەر ئۈچۈن يېتىشتۈرگەن ئىدىم، ئاللاھ يولىدا سەۋر قىلىمەن. ئۇ كىچىك ۋاقتىدا مەككىدە رەسۇلۇللاھنى قوغدايدىغانلىقىغا بەيئەت قىلغان ئىدى، بۇ ئېغىر كۈندە ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدى. ئەگەر ئاللاھ ماڭا مۇسەيلىمىگە ئۇچرىشىشنى نېسىپ قىلسا، قىزلىرىنى ئۆزىنى كاچاتلاپ يىغلىتىمەن» دېدى.

ھەزرىتى نەسىيبە ئارزۇ قىلغان كۈن ئۇزۇنغا قالماي كەلدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە، مۇسۇلمانلار پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلغان يالغانچى مۇسەيلىمە بىلەن ئۇرۇشقا چاقىرىلدى. مۇسۇلمانلار جەڭگە ئاتلاندى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قەھرىمان ئانا ھەزرىتى نەسىيبە ئوغلى ئابدۇللاھ بىلەن بىرگە بار ئىدى.

ئۇرۇش قاتتىق قىزىپ كەتتى. مۇسۇلمانلاردىن بىر نەچچە كىشى مۇسەيلىمىنى نىشانلاپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ بېشىدا ھەزرىتى نەسىيبە بولۇپ، شېھىد قىلىنغان ئوغلىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشنى خالايتتى. يەنە بىرى ئوھۇد ئۇرۇشىدا ھەزرىتى ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆلتۈرگەن ۋەھشى بولۇپ، كاپىر ئىكەن ئەڭ ياخشى زاتنى ئۆلتۈرگەنلىكىنىڭ بەدىلىگە مۇسۇلمان ئىكەن ئەڭ يامان ئادەمنى ئۆلتۈرۈشنى خالايتتى.

جەڭدە ھەزرىتى نەسىيبە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قولى كېسىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، مۇسەيلىمىگە يېقىن بېرىشقا قادىر بولالمىدى. چۈنكى يارىسى ئۇنى كۈچىدىن ئايرىغان ئىدى.

لېكىن ۋەھشى بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ قىلىچىنىڭ

ئىگىسى ئەبۇ دۇجانە مۇسەيلىمىگە يېتىپ بېرىپ، ئۇنى تەڭلا ئۇردى. ۋەھشى ئۇنىڭغا نەيزە تىقتى ۋە ئەبۇ دۇجانە قىلىچ سالدى. يالغانچى كاپىر دەم چۇشۇپ ئۆلدى.

ھەزرىتى نەسىيبە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يەمامە ئۇرۇشىدىن كېيىن مەدىنىگە بىر قولى بىلەن قايتتى. ئۇ ئاللاھنىڭ ئەجرىنى تىلەپ، بارلىق ئېغىر مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلدى. چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئۇلارنى مېنىڭ جەننەتتىكى ھەمراھلىرىم قىلغىن» دېگەن دۇئاسىدىن كېيىن: «بۇندىن كېيىن دۇنيادىكى مۇسىبەتلەرگە پىسەنت قىلمايمەن» دېگەن ئىدى. ئەمەلىيەتتە شۇنداق قىلدى.

ھەزرىتى نەسىيبە مۇئمىن مۇسۇلمان ئاياللار ئىچىدە مىسلىسىز گۆھەر، ۋە سەۋرلىك مۇجاھىد ئاياللارنىڭ ئىچىدە تېپىلغۇسىز ئۆلگە ئىدى. ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن.

# مەھرى ھەققىنى ئىسلام قىلغان ئايال ھەزرىتى ئۇممۇ سۇلەيم

ھەزرىتى ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ ئىسمى غۇمەيسا بىنتى مىلھان بولۇپ، ئىسلام يەر يۈزىگە نۇرىنى چاچقاندا ئۇ 40 ياشقا قەدەم باسقان ئوتتۇرا ياشلىق ئايال ئىدى. ئېرى مالىك ئىبنى نەدر ئۇنى قاتتىق ياخشى كۆرگىنىدىن، ئۇنى خۇشال - خۇرام، راھەت - پاراغەت ۋە باياشات ياشىتاتتى. مەدىنىلىك ئەرەبلەر يىراقنى كۆرىدىغان، ئۆتكۈر ئەقىللىق ۋە ئېرىگە ياخشى خىزمەت قىلىدىغان ئەرلەرنى قىزغىناتتى. ھەزرىتى ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ ئېرى ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى قىزغاندۇرىدىغان بەختلىك كىشى ئىدى.

كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئاللاھنىڭ دىنىغا چاقىرغۇچى مەككىلىك نەۋقىران ساھابە ھەزرىتى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىگە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ مەدىنىگە كېلىشى بىلەن جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىدە ياندۇرغان ھىدايەت مەشئىلى مەدىنىنى يورۇتۇشقا باشلىدى. باغچىدىكى گۈللەر تاڭ نۇرى بىلەن ئېچىلغاندەك، ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ قەلبىمۇ ئىسلام نۇرى بىلەن ئېچىلدى. مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلار بارماق بىلەن سانىلىدىغان ۋاقىتىدىلا ھەزرىتى ئۇممۇ سۇلەيم مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

بۇ ۋاپادار خوتۇن سۆيۈملۈك ئېرىنى بۇ ئىلاھىي پاك

بۇلاقنىڭ شىرىن سۈيىنى بىرگە ئىچىپ، ئىمان سائادىتىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشقا چاقىردى.

لېكىن مالىك ئىبنى نەدر بۇ يېڭى دىننى ياقتۇرمىغان ۋە كۆڭۈل ـ كۆكسىنى ئۇنىڭغا ئاچمىغان ئىدى. ئۇ مۇسۇلمان بولۇش ئۈياقتا تۇرسۇن، ئاياللىنى ئىسلامدىن يېنىپ ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ كونا دىنىغا قايتىشقا چاقىردى. ھەر ئىككىسى ئۆز مەيدانىدا چىڭ تۇراتتى. ھەزرىتى ئۇممۇ سۇلەيم ئاللاھ ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن قايتىدىن كۇپۇرغا قايتىشنى ئوتقا تاشلىنىشتەك يامان كۆرەتتى. مالىك ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ قالاق دىنىغا تەئەسسۇپلۇق قىلىپ، چىڭ تۇراتتى.

ھەزرىتى ئۇممۇ سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھا دەلىل ـ ئىسپات كۆرسىتىشتە ئېرىنى يېڭىپ چۈشەتتى. ئۇ ئۆتكۈر ئەقلى بىلەن ئىسلامنىڭ ھەقلىقىنى ۋە كونا دىنىنىڭ ئەقىلغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان خۇراپىي ۋە قالاق دىن ئىكەنلىكىنى بۇلۇتسىز ئاسماندىكى قۇياش نۇرىدەك كەسكىن دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلايتتى. مالىكنىڭ ياغاچتىن ياسالغان بىر بۇتى بولۇپ، شۇ بۇتقا چوقۇناتتى. ھەزرىتى ئۇممۇ سۇلەيم ئېرىغا: «سەن يۇتلىرىڭ بىلەن دەسسەيدىغان ۋە ئىچىڭدىن چىققان نىجاسەتلەرنى تۆكىدىغان يەردىن ئۈنگەن دەرەخنىڭ پارچىسىغا جوقۇنامسەن؟!

ئاللاھنى قويۇپ، نېگىر ياغاچچى ياساپ بەرگەن ياغاچقا دۇئا قىلامسەن؟!» دەيتتى.

خوتۇنىنىڭ بۇ كۈچلۈك دەلىل ـ ھۆججىتىدىن كۆڭلى سىقىلغان مالىك مەدىنىنى تاشلاپ، ئۆز مەملىكىتى شامغا كەتتى. ئۇ شامدا ئۇزۇن تۇرماي كاپىر ھالىدا ئۆلدى.

ھەزرىتى ئۇممۇ سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ تۇل قالغانلىق خەۋىرى مەدىنىدە تارقىلىشى بىلەن، نۇرغۇنلىغان ئەرلەر ئۇنى نىكاھىغا ئېلىشقا ئالدىراشتى. لېكىن ئۇلار ئۇممۇ سۇلەيم بىلەن دىنى ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈن رەت قىلىنىشىدىن قورقاتتى.

لېكىن ئەبۇ تەلھە ئۇممۇ سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن بىر قەبىلىدىن بولغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ مەدىنىلىكلەر ئىچىدە سۆزى ئۆتىدىغان كىشى بولغانلىقى سەۋەبلىك، مەن ئۇنى قولۇمغا كەلتۈرىمەن دېگەن ئۈمىد بىلەن، ھەزرىتى ئۇممۇ سۇلەيمنى تەلەپ قىلدى. ئۇ ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ: «ئى ئۇممۇ سۇلەيم، مەن سىزنى تەلەپ قىلىپ كەلدىم، نائۈمىد قايتۇرماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى.

ھەزرىتى ئۇممۇ سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ئى ئەبا تەلھە، سەندەك كىشى رەت قىلىنمايدۇ، لېكىن سەن بىر كاپىر ئادەم، مەن بولسام بىر مۇسۇلمان ئايال، مېنىڭ ساڭا ياتلىق بولۇشۇم دۇرۇس بولمايدۇ، ئەگەر سەن مۇسۇلمان بولساڭ، ئاشۇ مېنىڭ مەھرى ھەققىم بولسۇن، سەندىن باشقا نەرسە تەلەپ قىلمايمەن» دېدى.

ئەبۇ تەلھە ئۇممۇ سۇلەيمنى مال ـ دۇنياغا ھەرقانچە قىزىقتۇرۇپ باققان بولسىمۇ، ئۇ مەيداندا چىڭ تۇردى. ھەزرىتى ئۇممۇ سۇلەيمنى دۇنياۋى نەرسىلەر بىلەن قولغا كەلتۈرۈشكە كۆزى يەتمىگەن ئەبۇ تەلھە مەن ئويلىنىپ باقاي دەپ، قايتىپ كەتتى.

ئەبۇ تەلھە ئەتىسى كېلىپ: «ئەشھەدۇ ئەللا ئىلاھە

ئىللەللاھۇ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ» دەپ، مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئىپلان قىلدى.

ھەزرىتى ئۇممۇ سۇلەيم: «سەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمان بولدۇڭ، مەن سېنىڭ ئېرىم بولۇشىڭغا رازى بولدۇم» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار: «بىز ئۇممۇ سۇلەيمدىن مەھرى ئۇلۇغ بىر ئايالنى ئاڭلىمىدۇق، چۈنكى ئۇنىڭ مەھرى ئىسلام بولدى» دېيىشتى.

ئەبۇ تەلھە ھەزرىتى ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ۋە ئېسىل خىسلەتلىرى بىلەن بەختلىك بولدى. كېيىن ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا پەرزەنت ئاتا قىلىشى بىلەن تېخىمۇ بەختلىك بولدى.

لېكىن ھەزرىتى ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر سەپەرگە تەييارلىق قىلىۋاتقاندا بالىسى ئاغرىپ قالدى. ئۇ بالىسىنىڭ ئاغرىغانلىقىغا شۇنداق بىئارام بولدىكى، سەپەردىن قېلىپ قالغىلى تاس قالدى.

ھە زرىتى ئەبۇ تەلھە سەپەردە ۋاقتىدا بۇ يۇمران يوپۇرماق سارغىيىپ چۈشۈپ، تۇپراققا دەپنە قىلىندى. ئۇممۇ سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھا تۇغقانلىرىغا: «بالامنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى مەن خەۋەر قىلىپ بولغىچە ئەبا تەلھىگە دېمەڭلار» دېدى.

ھەزرىتى ئەبۇ تەلھە سەپەردىن قايتىپ كەلگەندە، ھەزرىتى ئۇممۇ سۇلەيم ئۇنى ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالدى. ئەبۇ تەلھە كېلىپلا بالىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ھەزرىتى ئۇممۇ سۇلەيم: «ھازىر بالىنى قويۇپ تۇرۇڭ، ئۇ ھازىر ئەڭ

خاتىرجەم يەردە» دېگەندىن كېيىن، ئېرىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن تائام تەييارلاپ ئالدىغا قويدى، ئاندىن ئۆزىنى تەييارلاپ كىچىنى ئۆتكۈزدى. ئېرىنىڭ هاردۇقى چىقىپ، كۆڭلى ئارام تاپقانلىقىنى كۆرگەندە: «ئى ئەبا تەلهە! ئېيتىپ بېقىڭا! ئەگەر بىر قەۋم ئارىيەت بەرگەن نەرسىسىنى قايتۇرۇپ ئالسا، ئارىيەت ئالغۇچىلارنىڭ ئۇلارنى توسۇش هەققى بولامدۇ؟» دېدى.

ئەبۇ تەلهە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ: «ياق» دېۋىدى، ئۇممۇ سۇلەيم: «ئاللاه سىزگە بەرگەن نەرسىسىنى قايتۇرۇپ ئالدى، بالىڭىزنى ئاللاهنىڭ يېنىدا دەپ بىلىڭ» دېدى.

هەزرىتى ئەبۇ تەلهە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ ئاللاهنىڭ تەقدىرىگە رازى بولدى. ئەتىگەندە رەسۇلۇللاه سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئايالىنىڭ قىلغان ئىشىنى ئېيتتى. رەسۇلۇللاه ئاللاه تائالادىن ئۇلارغا يوقاتقان بالىسىنىڭ ئورنىغا ياخشىراق پەرزەنت بېرىشىنى تىلەپ دۇئا قىلدى. ئاللاه تائالا رەسۇلۇللاه سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇممۇ سۇلەيم هامىلە بولدى. ئۇ ئېرى بىلەن بىر سەپەردىن مەدىنىگە قايتىۋاتقاندا، تۇغۇت ۋاقتى كېلىپ تولغاق تۇتتى. ئەبۇ تەلهە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ رەسۇلۇللاهتىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولدى. رەسۇلۇللاه كېچە قاراڭغۇلۇقى باسقۇچە مەدىنىگە كىرىشكە ئالدىرايتتى. ئەبۇ تەلهە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ ئاسمانغا قاراپ: «ئى پەرۋەردىگارىم! سەن بىلىسەن، مەن پەيغەمبىرىڭ بىلەن بىرگە چىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە قايتىپ كىرىشنى ياخشى كۆرىمەن، لېكىن هازىر رەسۇلۇللاهتىن ئايرىلىپ قېلىشىمنىڭ سەۋەبىنى كۆرۈپ تۇرۇپسەن» دېدى.

ھەزرىتى ئۇممۇ سۇلەيم: «ئى ئەبا تەلھە! مەن تولغاق ئاچچىقى تارتماياۋاتىمەن. بۈندىن ئىلگىرى كۆرمىگەن بىر راھەتلىكنى بۇ بالىدا كۆرۈۋاتىمەن. بىز ماڭايلى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئايرىلىپ قالمايلى» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار رەسۇلۇللاھ بىلەن يولغا راۋان بولدى، مەدىنىگە كەلگەن ھامان بالا تۇغۇلدى. قارىسا بالا ئوغۇل ئىكەن، ئۇممۇ سۇلەيم: «بالىنى رەسۇلۇللاھقا ئېلىپ بارماي تۇرۇپ ھېچكىم ئاغزىغا بىر نەرسە سالمىسۇن» دېدى. بالىنى ئاكىسى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. رەسۇلۇللاھ ئەنەسنىڭ بوۋاقنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، «ئۇممۇ سۇلەيم تۇغقان ئوخشايدۇ» دېدى.

ئەنەس «ھەئە، يا رەسۇلەللاھ!» دەپ، بوۋاقنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇچىقىغا قويدى. رەسۇلۇللاھ مەدىنىنىڭ ئەجۋا خورمىسىدىن ئەكەلدۈرۈپ، مۇبارەك ئاغزىدا ئىرىتىپ بالىنىڭ ئاغزىغا قويدى. ئاندىن مۇبارەك قولى بىلەن بالىنىڭ يۈزىنى سىلاپ، ئابدۇللاھ دەپ ئىسىم قويدى. بۇ بالىنىڭ نەسلىدىن ئىسلام ئۆلىمالىرىدىن ئون دانە مەشھۇر ئالىم چىقتى.

ھەزرىتى ئۇممۇ سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ناھايىتى بەك ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ رەسۇلۇللاھقا بولغان مۇھەببىتى قېنى بىلەن گۆشىگە ئارىلىشىپ كەتكەن ۋە چىن قەلبىدىن ئورۇن ئالغان ئىدى. ئوغلى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ رەسۇلۇللاھقا بولغان مۇھەببىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق

دەيدۇ: «بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭ ئۆيدە ئۇخلاپ قالغان ئىدى. ھاۋا قاتتىق ئىسسىق بولغانلىقتىن رەسۇلۇللاھنىڭ پىشانىسىدىن تەر ئېقىۋاتاتتى. ئانام بىر قاچىنى ئېلىپ كېلىپ رەسۇلۇللاھنىڭ تەرىنى قاچىغا ئېقىتتى. رەسۇلۇللاھ ئويغىنىپ: «ئى ئۇممۇ سۇلەيم، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟» دېدى. ئانام: «تەرلىرىنى توپلاۋاتىمەن، ئۇنى ئەتىرلىرىمىزگە ئارىلاشتۇرىمەن، تېخىمۇ خۇشپۇراق بولىدۇ» دېدى.

ھەزرىتى ئۇممۇ سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن بىرى شۇكى، ئوغلى ئەنەسنىڭ چىكىسىدە ئازراق كوكۇلا چېچى بولۇپ، پىشانىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى. ئېرى مەزكۇر چاچنى چۈشۈرىۋېتەيلى دەپ ھەرقانچە تەرغىب قىلسىمۇ، ئۇممۇ سۇلەيم ئۇنىمايتتى. بۇنىڭ سەۋەبى قاچان ئەنەس رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كەلسە، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ مەزكۇر كوكىلا چېچىنى تۇتاتتى.

ھەزرىتى ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ خىسلەتلىرى ئۇنىڭ چىن مۇئمىنە بولۇشى، ئەقلىنىڭ ئۆتكۈرلىكى، بىرىنچى دەرىجىلىك خوتۇن ۋە ئانا بولۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بەلكى ئۇ يۇقىرىدىكى سۈپەتلىرىدىن زىيادە ئاللاھ يولىدىكى مۇجاھىدە ئىدى. ئۇنىڭ ئۆپكىلىرى ئاللاھ يولىدىكى جەڭلەرنىڭ چاڭ توزاڭلىرى بىلەن توشقان، بارماقلىرى مۇجاھىدلارنىڭ يارىلىرىنىڭ قانلىرى بىلەن بويالغاندۇر. چۈنكى ئۇ قانچىلىغان مۇجاھىدلارنىڭ يارىسىنى تاڭغان، قانچىلىغان نەپەس ئۇزۇش ئالدىدىكى شېھىدلەرنىڭ ئاغزىغا

سۇ قۇيغان، سۇنغان ئوقيالارنى تۈزگەن ۋە مۇجاھىدلارنىڭ ئوزۇقلىرىنى تەييارلىغاندۇر.

ھەزرىتى ئۇممۇ سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن ئوھۇد غازىتىغا چىققان بولۇپ، تۇلۇملاردا سۇ توشۇپ مۇجاھىدلارنىڭ ئاغزىغا سۇ قۇيغاندۇر.

ئۇ يەنە ھۇنەين غازىتىغا قاتناشقان. ئۇ كۈنى يېڭىنىڭ ئىچىگە بىر خەنجەر تىقىۋالغان ئىدى. ئېرى ئەبۇ تەلھە بۇنى كۆرۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «يا رەسۇلۇللاھ! ئۇممۇ سۇلەيم خەنجەر ئېلىۋاپتۇ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئى ئۇممۇ سۇلەيم! بۇ نېمە؟» دېدى. ئۇممۇ سۇلەيم: «بۇ خەنجەرنى ئېلىۋالدىم، ماۋۇ مۇشرىكلاردىن بىرى يېقىنلاشسا ئۇنىڭ بىلەن قارنىنى بۆسۈۋېتىمەن» دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ جاۋابىغا خۇرسەن بولۇپ كۈلدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يەر يۈزىدە ئۇممۇ سۇلەيمدىن بەختلىك ۋە ئاخىرى ئۇنىڭدىن ياخشى بولغان بىر ئايال بار دەپ گۇمان قىلامسىز؟! رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىنىڭ ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «جەننەتكە كىرگىنىمدە بىراۋنىڭ ئاياغ تاۋۇشىنى ئاڭلىدىم. بۇ كىمنىڭ ئاياغ تاۋۇشى دەپ سورىدىم، ماۋۇ بۇ ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ ئانىسى غۇمەيسا بىنتى مىلھاننىڭ ئاياغ تاۋۇشى دەپ جاۋاب بېرىلدى.»

ئاللاھ تائالا ھەزرىتى ئۇممۇ سۇلەيم ۋە باشقا پۈتۈن ساھابىلەردىن رازى بولسۇن.

# رەسۇلۇللاھنىڭ قوغدىغۇچىسى ئۇممۇھانى

ھەزرىتى ئۇممۇ ھانى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىبنىڭ قىزى ۋە ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى بولۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىراجغا بۇ بەختلىك ئايالنىڭ ئۆيىدىن چىققان ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى فاختە بولۇپ، ئوغلىنىڭ ئىسمى ھانى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇممۇ ھانى دەپ مەشھۇر بولغاندۇر.

نېمىشقىدۇر ئۇممۇ ھانى ئىسلامنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا مۇسۇلمان بولمىغان ئىدى. ئېرىمۇ مۇشرىك ئىدى. شۇنداقتىمۇ رەسۇلۇللاھنى كاپىرلاردىن قوغداشقا، ئۇنى ھىمايە قىلىشقا تىرىشاتتى. ھەزرىتى ئۇممۇ ھانىنىڭ رەسۇلۇللاھنى قوغداشتىكى سەممىي غەيرىتىنى مۇنۇ ۋەقەدە ئوچۇق كۆرمەكتىمىز: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تائىفتىن يۈرىكى قاتتىق ئازابلانغان ھالدا قايتقاندا، ئۇدۇل ئۇممۇ ھانىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئىشىكنى قاقتى. ئىچكىرىدىن: كىم ئۇ؟ دېگەن ئاۋاز كەلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەن تاغىڭىزنىڭ ئوغلى مۇھەممەد، ئەگەر قوبۇل قىلسىڭىز مېھمان بولۇپ كەلدىم» دېدى. ئۇممۇ ھانى: «ساڭا ئوخشاش راستچىل، ئىشەنچلىك، ئەزىز مېھمانغا جان پىدا» دېدى ۋە ئىشىكنى ئېچىپ رەسۇلۇللاھنى ئۆيىگە باشلىدى.

ئۇممۇ ھانى: «بۇرۇنراق خەۋەر بەرگەن بولسىڭىز، بىر نەرسە تەييار قىلار ئىدىم» دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «يەيدىغان ئىچىدىغان ھېچنەرسە خالىمايمەن، ماڭا ئارام ئالغۇدەك بىر يەر كۆرسىتىڭ، كۇپايە» دېدى. ئۇممۇ ھانى رەسۇلۇللاھنى بىر ھۇجرىغا باشلاپ ئارام ئېلىشى ئۈچۈن يالغۇز قويدى.

ئەرەبلەرنىڭ ئادىتىدە ئۆيگە كەلگەن مېھماننى ئىززەتلەپ، ئىكرام قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش چوڭ شەرەپ ئىدى. لېكىن بۇ مېھماننىڭ مەككىدە دۈشمىنى كۆپ ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇممۇ ھانى رەسۇلۇللاھقا بىر زەرەر يېتىپ قالمىسۇن دەپ، دادىسىنىڭ قىلىچىنى قولىغا ئېلىپ تاشقىرى چىقتى ۋە كېچە بويىچە ئۇخلىماستىن قولىدا قىلىچ ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ چىقتى.

ئۇ كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاتتىق رەنجىگەن ۋە ناھايىتى غېرىبلىق ھېس قىلغان ئىدى. چۈنكى ئۇ مەككىدە ھىمايىچىسى بولغان تاغىسى ئەبۇ تالىب بىلەن پىداكار ئايالى ھەزرىتى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئايرىلىپ، خۇددى ئىككى قانىتى سۇنغان قۇشقا ئوخشاپ قالغان ئىدى. مەككە مۇشرىكلىرى ئەمدى مۇھەممەد قولىمىزغا چۈشتى، ئۇنىڭ كۈچلۈك ھىمايىچىلىرى ئۆلدى، مۇسۇلمانلار ئۇنى بىزدىن قوغداپ قالالمايدۇ، دەپ خۇشال بولۇشقان ۋە رەسۇلۇللاھقا قىلىۋاتقان جەبىر-زۇلۇملىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەلكى تائىف خەلقىدىن ھەقىقەتنى چۈشىنىپ ئىسلامنى قوبۇل قىلىدىغان، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ھىمايىسىگە ئالىدىغان بىرەر كىشى چىقىپ قالار دېگەن

ئۇمىد بىلەن تائىفقا چىققان ئىدى. لېكىن تائىفلىقلار مەككىلىكلەردىنمۇ ئەسكى چىقتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋىتىگە قۇلاق سېلىش ۋە سۆزىنى ئاڭلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ياش بالىلىرىنىڭ قوللىرىغا تاشلارنى تۇتقۇزۇپ، رەسۇلۇللاھنى تاش يامغۇرىغا تۇتتى. بۇ ئەھۋال يۈرىكىگە قاتتىق ئېغىر كېلىپ، كۆڭلى سۇنۇق ھالدا مەككىگە قايتىپ كەلگەن رەسۇلۇللاھ ئۇممۇ ھانىنىڭ ئۆيىگە يالغۇز بىر ھۇجرىدا سەجدىگە باش قويۇپ، كېچە تاڭ ئاتقۇچە يىغلاپ ئاللاھ تائالاغا يالۋۇردى؛ قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلدى. قاتتىق ھېرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن سەھەرگە يېقىن كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى. ئەنە شۇ كۆڭلى سۇنۇق، بەدىنى ھالسىز ھالەتتە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدىن دەۋەت كەلدى. جەبرائىل ئەلەيھىسسالامغا: «بېرىپ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىم مۇھەممەدنى ئېلىپ كەلگىن» دەپ بۇيرۇق قىلىندى. ئاللاھ تائالا سۆيۈملۈك بەندىسى جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تەسەللى بېرىپ، كۆڭلىنى خۇرسەن قىلىش، ئۇنىڭ يەريۈزىدە قوغدىغۇچىسى قالمىغان بولسا، ئۆزىنىڭ ئۇنى قوغدايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى، دىنىنىڭ چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلەش ئۈچۈن، ئۇنى يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىدە-ئەرشىئالادا ھوزۇرىغا چاقىرغان ئىدى.

جەبرائىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۇممۇ ھانىنىڭ ئۆيىدىن ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ چىقتى. ئاللاھ تائالا سۆيۈملۈك پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەرشى، كۇرسى،

جەننەت، جەھەننەم ھەممىنى كۆرسەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ئەزىيەت قىلغانلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاخنى، كۆڭلىنى رەنجىتكەنلەرنىڭ تارتىدىغان ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى كۆزى بىلەن كۆردى. ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى كۆرگەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بەدىنىگە يېڭىدىن كۈچ-قۇۋۋەت ھاسىل بولدى. كىشىلەرنى تەۋھىدكە چاقىرىش يولىدىكى ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچەيدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈممىتىگە بېرىلگەن بەش ۋاقىت ناماز ھەدىيىسى بىلەن مىراجدىن قايتىپ ئۇممۇھانىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى ۋە كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى تاغىسىنىڭ قىزى ئۇممۇھانىغا بىر-بىرلەپ ئېيتىپ بەردى. ئۇممۇھانى بۇ ئەھۋاللارنى سىرتتا كىشىلەرگە ئېيتماسلىقنى تەلەپ قىلدى. لېكىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بولغان ئەھۋاللارنى كىشىلەرگە چۈشەندۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ سىرتقا چىقتى. ئۇممۇ ھانى ھەبەشىستانلىق خىزمەتچىسىنى مۇھەممەدنىڭ ئارقىسىدىن بارغىن، ئۇنىڭ خەلققە نېمە دېگەنلىكىنى ۋە خەلقنىڭ ئۇنىڭغا قانداق ئىنكاس قايتۇرغانلىقىنى ماڭا خەۋەر قىلغىن، دەپ ئەۋەتتى. مەقسىتى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رەنجىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى دۈشمەنلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قوغداش ئۈچۈن چارە كۆرۈش ئىدى. ئۇممۇ ھانى تېخى مۇسۇلمانلىق شەرىپىگە ئېرىشمىگەن بولسىمۇ، لېكىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيتتى ۋە ئۇنى يوشۇرۇن قوغداپ مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن تىرىشاتتى.

ئۇممۇ هانى مەككىدە يۈز ئابرۇيلۇق كىشىلەردىن بولغان هۇبەيرە ئىبنى ئەمرىگە ياتلىق بولغان ۋە ئۇنىڭدىن ئامىر، هانى، يۇسۇف ۋە جەئدە ئىسىملىك تۆت ئوغلى دۇنياغا كەلگەن ئىدى. ئېرى هۇبەيرە ناهايىتى قاتتىق ئىسلام دۈشمىنى بولۇپ، هەر دائىم ئىسلامدىن قاچاتتى. مۇشرىكلارنىڭ سېپىدە مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشتى. مەككە فەتهى قىلىنغان كۈنى، مەككىنى تاشلاپ چۆللەرگە چىقىپ كەتتى، كېيىن ئىز-دېرەكسىز يوقالدى. ھەزرىتى ئۇممۇ هانى ئېرىنىڭ قېچىپ يوقالغانلىقىنى پۇرسەت بىلىپ، مەككە فەتهى بولغان كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ هوزۇرىغا كېلىپ مۇسۇلمان بولدى. قەلبى ئىسلام نۇرى بىلەن تولۇپ، ساهابىلىك شەرىپىگە ئېرىشتى.

مەككە فەتهى قىلىنغان كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئۇممۇ هانىنىڭ ئۆيىدە غۇسۇل قىلىپ ئاللاھ تائالاغا سەككىز رەكئەت شۈكۈر نامىزى ئوقۇدى. بۇ نامازنى چاشگاھ ۋاقتىدا ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن، بەزىلەر بۇ نامازنى «چاشگاھ نامىزى» دەپ ئاتىدى، بەزىلەر «فەتىھ نامىزى» دەپ ئاتىدى.

يەنە مەككە فەتهى قىلىنغان كۈنى ئۇممۇ هانى مۇشرىكلاردىن ئىككى ئادەمنى هىمايىسىگە ئېلىپ ئامانلىق بەرگەن ۋە رەسۇلۇللاھقا مەن پالانغا ئامانلىق بەردىم، دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: «سىز ئامانلىق بەرگەن كىشىگە بىزمۇ ئامانلىق بەردۇق» دەپ ئۇنىڭ ئامانلىقىنى قوبۇل قىلغان.

ئۇممۇ هانى رەسۇلۇللاھ سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمدىن 46 هەدىس رىۋايەت قىلغان. ئۇ رىۋايەت قىلغان هەدىسلەردىن

بىرىدە مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بىرىپ، يا رەسۇلەللاھ! مەن قېرىپ قالدىم، بەدىنىم ئاجىزلىشىپ قالدى، شۇڭا مەن قىلالايدىغان بىر ئەمەلنى كۆرسىتىپ بەرسىلە، دېدىم. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى: «يۈز قېتىم <ئاللاھۇ ئەكبەر>، يۈز قېتىم <ئەلھەمدۇ لىللاھ> ۋە يۈز قېتىم <سۇبھانەللاھ> دەڭ. بۇ ئاللاھ يولىدا ئىگەر ۋە يۈگەنلەنگەن يۈز ئاتتىن سەدىقە قىلغاندىن ياخشى، يۈز تۆگە سەدىقە قىلغاندىن ياخشى ۋە يۈز قۇل ئازات قىلغاندىن ياخشى.»[10]

ھەزرىتى ئۇممۇ ھانى رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھىجرىيىنىڭ 50-يىلى ۋاپات بولغان. ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن. بىزنى ئۇلارنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشتۈرسۇن. ئامىين!

10 ئىمام ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

# ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئانىسى ئەرۋا بىنتى كۇرەيز

ھەزرىتى ئەرۋا بىنتى كۇرەيز رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاغا ئاچىسىنىڭ قىزى ۋە ئۇچىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئانىسىدۇر. ئۇ جاھىلىيەت قاراڭغۇلۇقىدىن قېچىپ، ئىسلام نۇرى بىلەن شەرەپلەنگەن مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ بىرىنچىلىرىدىندۇر.

ھەزرىتى ئەرۋا، يېڭى دىنىنىڭ كەلگەنلىكىنى، ئىنىسىنىڭ ئوغلى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر بولغانلىقىنى ئاڭلاش بىلەنلا «مۇھەممەد يالغان گەپ قىلمايدۇ، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكى ھەق» دەپ، دەرھال مۇسۇلمان بولغان ئىدى. تارىخ كىتابلىرىدا ھەزرىتى ئەرۋا بىنتى كۇرەيز رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئىسمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىپ دەسلەپ مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ قاتارىدا قەيت قىلىنغاندۇر.

ھەزرىتى ئەرۋا رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىسلام كېلىشتىن ئاۋۋال ئەففان ئىبنى ئەبۇلئاسقا ياتلىق بولغان ۋە ئۇنىڭدىن بىر ئوغۇل ۋە بىر قىز پەرزەنت كۆرگەن. ئوغلىنىڭ ئىسمى ئوسمان، قىزىنىڭ ئىسمى ئامىنە ئىدى.

ھەزرىتى ئەرۋا بىنتى كۇرەيز رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېرى ئەففان ۋاپات قىلغاندىن كېيىن، ئوقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئەيت

دىگەن كىشىگە ياتلىق بولدى. ئۇنىڭدىن ئالتە بالىسى بولدى. ئۇلار: ۋەلىد، ئۇمارە، خالىد، ئۇممۇ كۇلسۇم، ئۇممۇ ھەكىم ۋە ھىندلاردۇر.

ھەزرىتى ئەرۋا بىنتى كۇرەيز رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەقىدىسىدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيدىغان، ئىرادىلىك، مەيدانى مۇستەھكەم ئايال ئىدى. شېرىك ئەقىدىگە چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن بەك ئېھتىيات قىلاتتى. بىر ئانا بولۇش سۈپىتى بىلەن بالىلىرىغا ئالاھىدە تەربىيە بېرەتتى. بالىلىرىنىڭ بەدەن ۋە ئەقىل جەھەتتە ساغلام يېتىشىپ چىقىشىغا ناھايىتى بەك ئەھمىيەت بېرەتتى. بالىلىرىغا يېڭى دىن-ئىسلام دىنىنىڭ گۈزەللىكىنى ۋە ياخشىلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ مۇھەببىتىنى سىڭدۈرۈپ، بۇتلاردىن يىراقلاشتۇرۇشقا ۋە ئۇلارنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن ساقلاپ قېلىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشاتتى. بۇ زاتنىڭ ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىقى سايىسىدە بالىلىرىنىڭ ھەممىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەيئەت قىلىپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلدى. كەلىمە شاھادەت ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى.

ھەزرىتى ئەرۋا رەزىيەللاھۇ ئەنھا مەككىدە دەسلەپ مۇسۇلمان بولغان دىنى قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىكتە كاپىرلاردىن كەلگەن ھەر تۈرلۈك جەبىر-جاپا ۋە زۇلۇملارغا سەۋر قىلدى. كاپىر-مۇشرىكلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە پىسەنت قىلماستىن دىنىنى-ئىمانىنى قوغداش يولىدا كۈرەش قىلدى. مۇسۇلمانلارغا مەككىدىن كېتىشكە رۇخسەت بېرىلگەندە، ھەزرىتى ئەرۋامۇ ھىجرەت قىلدى.

ھەزرىتى ئەرۋا بىنتى كۇرەيز رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىنى

يولىدا جېنىنى ۋە مېلىنى پىدا قىلدى. مۇھاجىر بولدى. مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىنى، ئىسسىق ئۆيىنى تاشلاپ باشقا يۇرتلارغا كېتىشكە مەجبۇر بولدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئەرۋامۇ قىزى ئۇممۇ كۇلسۇم بىلەن بىرگە مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ مۇبارەك شەھەردە ياشىدى.

ھەزرىتى ئەرۋا رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالامنىڭ ئىككى قىزىغا يەنى رۇقەييە بىلەن ئۇممۇ كۇلسۇمغا قېيناپا بولغاندۇر. ئۇلارنى ئۆز جېنىغا ئوخشاش كۆرۈپ ھىمايە قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ بەختلىك ۋە ھوزۇرلۇق ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن تىرىشقاندۇر.

ھەزرىتى ئەرۋا رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ۋە ئوغلى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىنى ياشىغان بەختلىك ئانىدۇر. ئۇ ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە توقسان نەچچە يېشىدا مەدىنىدە ۋاپات بولدى ۋە «جەننەتىبەقى» قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى. ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئانىسىنى قەبرىگە قويغاندىن كېيىن، ئانىسىنىڭ بېشىدا ئۆرە تۇرۇپ ئۇزۇن مۇددەت دۇئا قىلدى.

قەبرىستاندىن يېنىپ مەسجىدى نەبەۋىگە كەلدى، مەسجىتكە كىرىپلا نامازغا تۇردى، سەجدىدە تۇرۇپ: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئانامغا رەھمەت قىلغىن، ئى پەرۋەردىگارىم! ئانامنى مەغپىرەت قىلغىن...“ دەپ، يىغلاپ ئۇزۇن دۇئا قىلدى. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن ۋە بىزلەرنى ئۇلارنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشتۈرسۇن. ئامىين!

# قەھرىمان ئايال ھەزرىتى ئەزدە بىنتى ھارىس

ھەزرىتى ئەزدە بىنتى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھا مەشھۇر ساھابە ھەزرىتى ئۇتبە ئىبنى غەزۋان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالى بولۇپ، تەرجىمىھال كىتابلىرىدا ھەزرىتى ئەزدە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئىراقتا كاپىرلارغا قارشى جەڭدە كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقى ۋە ئەقلىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى قەيت قىلىنغاندۇر. ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە، ھەزرىتى ئەزدە ئېرى ئۇتبە بىلەن ئىراقنىڭ بۈگۈنكى مەشھۇر شەھىرى بەسرەگە كۆچۈپ كەلگەن ئىدى. چۈنكى خەلىپە ئۇنىڭ ئېرى ئۇتبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بەسرەنى پەتھى قىلىدىغان مۇسۇلمان قوشۇنغا قوماندان قىلىپ، ئىراققا ئەۋەتكەن. بەسرە ئۇ چاغدا شەھەر ئەمەس، بىر نەچچە يېزىدىن ئىبارەت ئىدى. ھەزرىتى ئۇتبە ئۇنى شەھەرگە ئايلاندۇرغاندۇر.

ئىمام ئىبنى ھەجەر ھەزرىتى ئەزدەنىڭ ئانا بىر ئۈچ قېرىندىشىنىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىراققا كەلگەنلىكىنى، جىھات ۋە سىياسەت ئىشلىرىدا چوڭ خىزمەتلەر كۆرسەتكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. مەزكۇر ئۈچ قېرىنداش: نۇفەيئ، نافىئ ۋە زىياد ئىبنى ئەبىھ بولۇپ، ئۇلار تونۇلغان ساھابە كىراملاردۇر. ئۇلاردىن زىياد ئىبنى ئەبىھ خەلىپە ئەبۇ سۇفياننىڭ دەۋرىدە ئىراقنىڭ ئومۇمىي ۋالىيسى بولغان. بۇ زات تارىختا زىياد ئىبنى ئەبى سۇفيان

دەپمۇ ئاتالغاندۇر.

ھەزرىتى ئۇتبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىراقتا ئىسلام دۈشمەنلىرىگە قارشى نۇرغۇنلىغان ئۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئايالى ھەزرىتى ئەزدە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېرىغا ياردەمچى بولۇپ چوڭ خىزمەتلەرنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ مەزكۇر جىھاتلارنىڭ بىرىدە كۆرسەتكەن خىزمىتى تا قىيامەتكىچە ئۇنتۇلمايدۇ. ئۇ بولسىمۇ مىيسان غازىتىدۇر.

مىيسان بەسرە بىلەن ئىراق مەركىزى ئارىسىدىكى كەڭ زېمىن بولۇپ، كۆپلىگەن يېزا-قىشلاق ۋە خورمىزارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. مىيسان خەلقى «فىلكان» دەپ ئاتىلىدىغان قوماندانىنىڭ قولى ئاستىدا مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچقان ئىدى. مۇسۇلمان قوشۇنغا مەشھۇر ساھابە مۇغىرە ئىبنى شۇئبە قوماندان ئىدى.

ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش باشلاندى. بۇ چاغدا ئۆتكۈر ئەقىللىق ھەزرىتى ئەزدە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇسۇلمان ئاياللارنى يىغىپ مۇنداق نۇتۇق سۆزلىدى: «ئەرلىرىمىز دۈشمەن بىلەن ئېلىشىۋاتىدۇ. ئەگەر دۈشمەن بىز تەرەپكە يۈزلەنسە بىزنى قوغدايدىغان ھېچكىم يوق. ئەگەر دۈشمەنلەر كۆپىيىپ كەتسە مۇسۇلمان قوشۇننى مەغلۇپ قىلامدىكىن، دەپ ئەندىشە قىلىمەن. ئەگەر بىزمۇ ئۇرۇشقا چىقساق دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىپ قالىمىز. يەنە بىرى ئەگەر بىز ئۇرۇش مەيدانىغا بارساق دۈشمەنلەر مۇسۇلمانلارغا ياردەم قوشۇن كەلدى، دەپ قورقۇشقا باشلايدۇ، مۇسۇلمانلارغا كۈچ-قۇۋۋەت پەيدا بولىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى كۆرگەن دۈشمەننىڭ روھى چۈشكۈنلىشىپ

يېڭىلىدۇ، بۇ ئۇرۇش تاكتىكىسىدۇر» دېدى.

مۇسۇلمان ئاياللار ھەزرىتى ئەزدە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يۇقىرىدىكى سۆزىنى قوبۇل قىلىپ ھەممىسى جەڭ مەيدانىغا بارىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئاياللار ئەرەنچە ياسىنىپ، ياغلىقلىرىنى بايراق قىلىپ مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار سوقۇشۇۋاتقان جەڭ مەيدانىغا قاراپ ئاتلاندى.

دەرۋەقە مۇسۇلمان قوشۇن ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ دۈشمەن ئالدىدا ئاجىز كېلىپ يېڭىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتى. مۇسۇلمان ئاياللار قوشۇنى چىن ئىمان ۋە مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشۇۋاتقان كاپىر قوشۇن تەرەپكە ماڭدى. ئاياللار دۈشمەنگە يېقىنلىشىپ كەلگەندە، يۇزلەرچە بايراقلارنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان قوشۇننى كۆرگەن كاپىرلار، «مۇسۇلمانلارغا ياردەم قوشۇن كەپتۇ، ئەمدى بىز يېڭىلىدىغان بولدۇق» دەپ، روھىي ئاجىزلىشىپ، كەيپىياتى چۈشۈپ، ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. قورققىنىدىن پۇت-قولىدا ئۇرۇشقىدەك ماغدۇر قالمىغان دۈشمەن قوشۇنىنىڭ سېپى بۇزۇلۇپ، جېنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. مۇسۇلمانلار بولسا، سانىمىز كۆپەيدى دەپ خۇشال بولۇپ، روھى كۆتۈرۈلۇپ، جانلىنىپ كەتتى-دە، ھەر تەرەپتە كاپىرلارنى قوغلاپ ئۆلتۈرۈش ۋە ئەسىر ئېلىشقا باشلىدى. مۇسۇلمانلار كاپىرلارنى مەغلۇب قىلىپ، مىيسان رايونىنى پۈتۈن شەھەر ۋە يېزا-قىشلاقلىرى بىلەن پەتھى قىلدى.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، ھەزرىتى ئەزدە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ئۇرۇش مەيدانىدا مۇسۇلمانلارنى جەڭگە قىزىقتۇرۇپ، يېڭىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئەگەر

يېڭىلىنىدىغان بولساڭلار قولىمىزدىكى ياغلىقنى بېشىڭلارغا ئارتىمىز، دەپ شېئىرلار ئېيتاتتى. ئاللاھ تائالا ھەزرىتى ئەزدە رەزبىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆتكۈر پىكرى ۋە قەيسەرلىكى سەۋەبى بىلەن مۇسۇلمانلارغا غەلىبە ئاتا قىلدى. بۇ مۇسۇلمان ئايال ئاللاھ يولىدا جىھات قىلىش ۋە دۈشمەنگە تىز پۈكمەسلىكتە تارىخ بويىچە ئۇنتۇلمايدىغان ئۆلگە ياراتتى.

ئەپسۇسكى بۇ ئۇلۇغ ساھابە ئايالنىڭ قاچان ۋە قەيەردە ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە قولىمىزدا ئىشەنچلىك مەلۇمات يوق. ئاللاھ تائالا ھەزرىتى ئەزدە ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ھەقىقەت يولىدا جان پىدا قىلغان ساھابە كىراملار، شۇنىڭدەك ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ئۆلگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ماڭغان بارلىق مۇسۇلمان ئاياللارغا رەھمەت قىلسۇن، بىزنىمۇ ئاشۇلارغا ئوخشاش ھەقىقىي مۇئمىن، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىدىغانلاردىن قىلىپ، قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشتۈرسۇن. ئامىين!

# ئىككى ھىجرەت ئىگىسى ھەزرىتى ئەسما بىنتى ئۇمەيس

ھەزرىتى ئەسما بىنتى ئۇمەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھا پۈتكۈل مۇسۇلمانلارغا ئۆلگە ئاياللاردىن بولۇپ، مەككىدە دەسلەپ مۇسۇلمان بولغانلاردىندۇر. ئۇ 9 قىز بىر تۇغقان بولۇپ، ھەممىسى مۇسۇلمان بولغان، ساھابىلىك شەرىپىگە ئېرىشكەن زاتلاردۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى «ئىمانلىق قېرىنداش قىزلار»دەپ ئاتىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇشۇ لەقەب بىلەن ئاتىلىدىغان بولغان.

ھەزرىتى ئەسما بىنتى ئۇمەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ دادىسى ئۇمەيس، ئانىسى ھىند بولۇپ، ھەممىسى مۇسۇلمان بولغان ئىدى.

ھەزرىتى ئەسما بىنتى ئۇمەيس ماھارەتلىك، قابىلىيەتلىك ۋە سەۋر-ساباتلىق بىر مۇئمىنە زات ئىدى. ئۇ ئېرى ھەزرىتى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مەككىدە بەختلىك ۋە ھوزۇرلۇق بىر ئائىلە قۇرغان ئىدى. لېكىن مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان زۇلۇملىرى ھەددىدىن ئاشقاندا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن مۇسۇلمانلار ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلدى. ھەزرىتى ئەسما بىنتى ئۇمەيس ۋە ئېرى ھەزرىتى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارمۇ شۇلار بىلەن بىللە ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىپ كەتتى.

ھەبەشىستاندا ھەزرىتى جەئفەر بىلەن ئەسمانىڭ ئۈچ بالىسى بولدى. ئۇلار مۇھەممەد، ئابدۇللاھ ۋە ئەۋندۇر. ھەزرىتى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇساپىرچىلىقتا، غېرىبلىق، تۇرمۇشنىڭ ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە دەرد-ئەلەملىرىگە بەرداشلىق بېرىپ، بارلىق ئىشلاردا ئېرىگە ياردەمچى بولۇپ ياشىدى. ئۇ كىشى يۇرتىدا ھەرقانچە قىيىنچىلىق تارتسىمۇ دىنىدىن ۋاز كەچمىدى. ئىمانىدا مۇستەھكەم تۇردى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ 7- يىلى ھەزرىتى ئەسما ئېرى ھەزرىتى جەئفەر بىلەن بىرلىكتە مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ ناھايىتى ماھارەتلىك ۋە قابىلىيەتلىك ئايال ئىدى. ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى ياخشى بىلەتتى. بىكار قالسا تىرە ئەيلەپ سېتىپ، پېشانىسىنىڭ تەرى بىلەن تۇرمۇشىنى قامدايتتى. ھېچكىمدىن بىر نەرسە تىلىمەيتتى ۋە ھېچكىمگە قولىنى تەڭلىمەيتتى. ھەزرىتى ئەسما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنى پات-پات زىيارەت قىلىپ، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشەتتى. بىر كۈنى ئانىمىز ھەزرىتى ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىدا ئولتۇرغىنىدا، ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرىپ كەلدى. ئۆمەر ئەسماغا چاقچاق قىلىپ: «بىز ھىجرەت قىلىشتا سىلەردىن ئېشىپ كەتتۇق» دېدى. ھەزرىتى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا دەرھال جاۋاب بېرىپ: «ياق ئۆمەر، ئۇنداق ئەمەس. سىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا تۇردۇڭلار، ئۇ ئاچلىرىڭلارنى تويغۇزدى، بىلمىسىزلىرىڭلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلدى. بىز بولساق ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ يولىدا ياقا يۇرتلاردا سەرگەردان بولدۇق» دېدى.

ھەزرىتى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىرىپ رەسۇلۇللاھقا ئەھۋالنى بايان قىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەزرىتى ئەسمانىڭ رەنجىگەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئۆمەر ۋە دوستلىرىنىڭ بىر ھىجرىتى بار، سىلەرنىڭ ئىككى ھىجرىتىڭلار بار دېدى. ھەزرىتى ئەسما رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن كۆز ياشلىرىنى تۇتالماي قالدى. بۇندىن كېيىن ئۇلار «ئىككى ھىجرەت ئىگىلىرى» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رىملىقلار بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن قوشۇن تەييارلىدى. قوشۇنغا ھەزرىتى زەيد ئىبنى ھارىسەنى قوماندان قىلدى. ئەگەر زەيد شېھىد بولسا جەئفەر قوماندان بولسۇن، ئۇمۇ شېھىد بولسا ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە قوماندان بولسۇن، دېدى. قوشۇن يولغا چىقماقچى بولدى. ھەزرىتى جەئفەر ئايالى ئەسما بىلەن خوشلاشتى ۋە بالىلىرىنى قۇچاقلاپ باش-كۆزلىرىنى سۆيدى. قوشۇن مەدىنىدىن ئايرىلىپ يىراپ كەتتى. مۇسۇلمانلار مۇتە دېگەن جايدا دۈشمەن بىلەن ئۇچراشتى. ناھايىتى قاتتىق جەڭ بولدى. دۈشمەن سان جەھەتتە كۆپ ۋە قورال جەھەتتە كۈچلۈك ئىدى. لېكىن مۇسۇلمانلار چىن ئىمان ۋە ھەقىقىي ئىخلاس بىلەن قەتئىي بوشاشماستىن قەھرىمانلارچە جەڭ قىلدى. دۈشمەنلەر ھەزرىتى جەئفەرنىڭ بايراق تۇتقان قولىنى كېسىپ تاشلىدى. جەئفەر بايراقنى يەنە بىر قولىدا كۆتۈردى. دۈشمەنلەر ئۇ قولىنىمۇ كېسىۋەتتى. لېكىن ئۇ ئىسلام بايرىقىنى يەرگە چۈشۈرمىدى. ئاخىرى شېھىد بولدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدتە ساھابىلەر بىلەن ئولتۇراتتى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا جەڭ مەيدانىنى كۆرسەتتى. رەسۇلۇللاھ ھەزرىتى جەئفەرنىڭ ئىككى قولىنىڭ كېسىلگەنلىكىنى كۆردى ۋە يېنىدىكىلەرگە جەڭ مەيدانىدىكى ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپ، ئاللاھ جەئفەرگە كېسىلگەن ئىككى قولىنىڭ ئورنىغا ئىككى قانات ئاتا قىلدى. ئۇ قاناتلىرى بىلەن جەننەتكە ئۇچۇۋاتىدۇ، دېدى.

ھەزرىتى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا بالىلىرى بىلەن ھەزرىتى جەئفەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋاتاتتى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ھەزرىتى ئەسما قارشى ئالدى. رەسۇلۇللاھ «بالىلار قېنى؟» دەپ سورىدى. ھەزرىتى ئەسما بالىلىرىنى چاقىردى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بالىلارنىڭ بېشىنى سىلاپ، قۇچاقلاپ سۆيۈشكە باشلىدى. ھەزرىتى ئەسما رەسۇلۇللاھنىڭ ھەرىكىتىنى كۆرۈپ، يا رەسۇلەللاھ! بۇ بالىلار يېتىم قالدىمۇ، قانداق؟ ئەجەپ يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلىغاندەك سىلاپ كەتتىڭىلە، دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «شۇنداق، جەئفەر شېھىد بولدى» دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ھەزرىتى ئەسما يىغلاپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ: «يىغلىماڭ، ئاللاھ جەئفەرگە ئىككى قانات بەردى، ئۇنىڭ بىلەن جەننەتكە ئۇچتى» دېدى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئاياللار دەرھال ئەسمانىڭ يېنىغا كەلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيىگە بېرىپ، جەئفەرنىڭ ئۆيىگە تاماق ئېتىپ ئاپىرىڭلار، ئۇلارنىڭ تاماق ئېتىپ يېگۇدەك ھالى يوق، دېدى. ئانىلىرىمىز ئۈچ كۈنگىچە ھەر كۈنى ھەزرىتى ئەسمانىڭ ئۆيىگە تاماق ئېلىپ باردى. ئۈچ كۈندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ كېلىپ،

ئەسماغا: «قايغۇرماڭ، بۇ باللار ماڭا ئامانەت، ئۇلارغا مەن كېپىلمەن» دېدى. ھەزرىتى ئەسما 6 ئايدەك تۇل قالدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسلام يولىدا سانسىز جاپا مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بۇ ئايالنى ھىمايىسىگە ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنى نىكاھىغا ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. ھەزرىتى ئەسما بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر-بىرىگە ھۆرمەت بىلەن تولۇپ تاشقان بىر ئائىلە قۇرۇلدى.

ھەزرىتى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىد قىلىنىپ ئازغىنە ۋاقىتتىن كېيىن ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ يېتىشتۈرگەن باللىرى ھەر بىرى بىر قەھرىمان بولۇپ، ئىسلامغا خىزمەت قىلىپ دۇنيادىن ئۆتتى. ئاللاھ ھەزرىتى ئەسما بىنتى ئۇمەيس ۋە باشقا بارلىق ساھابە كىراملاردىن رازى بولسۇن. بىزنى ئۇلارنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشتۈرسۇن. ئامىين!

# ئاياللارنىڭ ئەلچىسى ھەزرىتى ئەسما بىنتى يەزىد

ھەزرىتى ئەسما بىنتى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھا مەدىنىلىك ساھابىلەردىن بولۇپ، دەسلەپ مۇسۇلمان بولغانلاردىندۇر.

ھەزرىتى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير، ناھايىتى تەقۋادار، بىلىملىك، ئۆتكۈر ئەقىللىق، ياش يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ مەدىنىگە كېلىشى ۋە مەدىنىدە كېچە-كۈندۈز دەۋەت ئېلىپ بېرىشى، كىشىلەرگە ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈشى نەتىجىسىدە مەدىنە خەلقىنىڭ كۆپ سانلىقى مۇسۇلمان بولغان ئىدى. ھەزرىتى ئەسما بىنتى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەنە شۇ مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋىتى بىلەن مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ قاتارىدىندۇر. شۇڭا ئۇ مەدىنىدە دەسلەپ مۇسۇلمان بولغانلاردىن ھېسابلىنىدۇ. ئۇ مەدىنىدىكى ئابدۇل ئەشھەل قەبىلىسىگە مەنسۇپتۇر. ئۇنىڭ دادىسى يەزىد بىلەن قىز قېرىندىشى ھەۋۋامۇ ئەينى ۋاقىتتىدا مۇسۇلمان بولغان ئۇلۇغ ساھابىلەردىندۇر.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە قەدەم تەشرىپ قىلغاندىن كېيىن پۈتۈن مۇسۇلمانلار كېلىپ رەسۇلۇللاھقا بەيئەت قىلغاندا، ئاياللارمۇ كېلىپ ئەرلەرگە ئوخشاش بەيئەت قىلغان ئىدى. ھەزرىتى ئەسما بىنتى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھقا بەيئەت قىلغان ئاياللارنىڭ بېشىدا كېلىدۇ. ئاياللارنىڭ رەسۇلۇللاھقا بەيئەت قىلغانلىقىنى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق

بايان قىلىدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ إِذَا جَاءَكَ الْمُؤْمِنَاتُ يُبَايِعْنَكَ عَلَى أَنْ لَا يُشْرِكْنَ بِاللَّهِ شَيْئًا وَلَا يَسْرِقْنَ وَلَا يَزْنِينَ وَلَا يَقْتُلْنَ أَوْلَادَهُنَّ وَلَا يَأْتِينَ بِبُهْتَانٍ يَفْتَرِينَهُ بَيْنَ أَيْدِيهِنَّ وَأَرْجُلِهِنَّ وَلَا يَعْصِينَكَ فِي مَعْرُوفٍ فَبَايِعْهُنَّ وَاسْتَغْفِرْ لَهُنَّ اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَحِيمٌ﴾ **«ئى پەيغەمبەر! مۇئمىن ئاياللار ساڭا كېلىپ، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، بالىلىرىنى (جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدەك قىز بالىلىرىنى نومۇستىن ياكى كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ) ئۆلتۈرمەسلىككە، باشقىلارنىڭ بالىسىنى يالغاندىن ئەرلىرىنىڭ بالىسى قىلىۋالماسلىققا، سەن بۇيرۇغان ياخشى ئىشلاردىن باش تارتماسلىققا بەيئەت قىلسا (يۇقىرىقى شەرتلەر ئاساسىدا) ئۇلارنى قوبۇل قىلغىن، ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھدىن مەغپىرەت تىلىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.»**[11]

ھەزرىتى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا ناھايىتى ئەقىللىق، ئوچۇق سۆزلۈك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ ئەھۋالنى ئوچۇق بايان قىلالايدىغان، ئەدەب ۋە ھايانىڭ دىنىنى ئۆگىنىشكە توسالغۇ بولماسلىقى كېرەكلىكىگە ئىشەنگەن، ئۇياماستىن دىنىنى ئۆگىنىشكە غەيرەت قىلىدىغان، ئىلىم ئاشىقى زات ئىدى. ئۇ ئاياللارنىڭ سوراشتىن تارتىنىدىغان مەسىلىلىرىنى رەسۇلۇللاھتىن سوراپ، ئالغان جاۋابىنى ئاياللارغا يەتكۈزەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «خەتىبەتۇننىسائ» يەنى ئاياللارنىڭ خاتىبى دەپ ئاتالغاندۇر. بۇ يەردە ھەزرىتى ئەسما بىنتى يەزىد

11 سۈرە مۇمتەھىنە: 12. ئايەت.

رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ سوئال سوراشتىكى جاسارىتىگە بىر مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتەيلى:

بىر كۈنى ھەزرىتى ئەسما رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلدى. رەسۇلۇللاھ بەزى ساھابىلەر بىلەن ئولتۇراتتى. ئەسما رەسۇلۇللاھقا: «مەن ئارقامدا قالغان ئاياللار جامائىتىنىڭ ئەلچىسىمەن، ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمنىڭ ئەينىنى دەيدۇ ۋە مېنىڭ قارىشىم بىلەن ئوخشاش قاراشتا. سىلىنى ئاللاھ ئەرلەرگە ۋە ئاياللارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى، سىلىنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكلىرىگە ئىمان كەلتۈردۇق ۋە سىلىگە ئەگەشتۇق. بىز ئاياللار ئۆيىمىزدە، چېدىرلىرىمىزدا ئولتۇرىمىز. بىز ئەرلىرىمىزنىڭ ئارزۇلىرىنى قاندۇرىدىغان ۋە ئەۋلادلىرىنى كۆتۈرىدىغانلارمىز. ئەرلەر بولسا جەمئىيەتكە ئارىلىشىدۇ، جىنازىغا قاتنىشىدۇ، جىھاتقا چىقىدۇ. ئەرلىرىمىز جىھاتقا چىقىپ كەتسە بىز ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى ساقلاپ، بالىلىرىنى تەربىيىلەپ بېقىپ ئولتۇرىمىز. يا رەسۇلەللاھ! ئەرلەر ئالىدىغان مۇكاپاتلارغا بىزمۇ ئورتاق بولامدىمىزمۇ؟» دېدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىدىكى ساھابىلەرغا قاراپ: «دىنى ھەققىدە بۇ ئايالدىن ياخشىراق سوئال سورىغان بىر ئايالنى كۆردۈڭلارمۇ؟» دېدى. ساھابىلەر كۆرمىدۇق يا رەسۇلەللاھ دېيىشتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئەسماغا: «بېرىپ ئارقىڭىزدا قالغان ئاياللارغا خەۋەر بېرىڭ، ئاياللاردىن كىمكى ئېرىگە ۋە ئۇنىڭ بالا-چاقىلىرىغا ياخشى خىزمەت قىلىپ، ئۇلارنى رازى قىلىدىكەن، ئۇنىڭ قىلغان ئىشى ئەرلەرنىڭ سىز ساناپ ئۆتكەن ئىشلىرىنىڭ ھەممىگە ئورتاق بولىدۇ» دېدى. يەنى ئەرلەرگە ئوخشاش

مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ، دېگەن سۆز. ھەزرىتى ئەسما رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ سۆزىگە ناھايىتى خۇشال بولۇپ، لائىلاھە ئىللەللاھ، ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ قايتىپ كەتتى.

باشقا ئاياللارنىڭ ئۇنى «ئاياللارنىڭ خاتىپى»ياكى «ئاياللارنىڭ ئەلچىسى» دەپ سۈپەتلىشى دەل جايىدا بولغان ئىدى. چۈنكى ئۇ قىيامەتكىچە كېلىدىغان مۇسۇلمانلار ئاياللارغا ۋاكالىتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرنى سوراپ، ئۆگىنىپ باشقا ئاياللارغا ئۆگەتكەن. ئۇ بولمىغان بولسا، ئاياللارغا ئائىت كۆپلىگەن مەسىلىلەر مەجھۇل بولۇپ قالاتتى.

ھەزرىتى ئەسما بىنتى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھا قولى ئوچۇق سېخى زات ئىدى. ئۇ ھەر دائىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خىزمەت قىلىش ۋە ئىنئامىدا بولۇشنى خالايتتى. ئۆيىدىكى يېمەك-ئىچمەكلەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىمۇ پات-پات ئەۋەتىپ تۇراتتى.

بىر كۈنى ئاخشىمى بىر ئاز نان بىلەن قۇرۇق ئۈزۈم تەييارلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدتىن چىقمۇاتقاندا ئۇنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. ئىككى جاھان قۇياشى پەيغەمبىرىمىز بۇ پىداكار زاتنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلماي ساھابە كىراملار بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئۆيىگە قەدەم تەشرىپ قىلدى. ھەزرىتى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا تەييارلىغان داستىخىنىنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا قويۇپ: «ئانام-دادام سىلىگە پىدا بولسۇن يا رەسۇلەللاھ! قېنى ئىلتىپات قىلسىلا» دېدى. رەھمەت پەيغەمبىرى چوڭقۇر مۇھەببەت

بىلەن ساھابىلەرگە نەزەر قىلىپ «بىسمىللاھ» دەپ داستىخانغا ئېغىز تەگدى. نان بىلەن ئۈزۈم بەرىكەتلەنگەنىدى، ئۇلار يېگەنسېرى كۆپىيەتتى. ھەزرىتى ئەسما ھەيران بولۇپ قاراپ قالغان ئىدى. ئۇ بۇ ۋەقەنى بايان قىلىپ: «جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، قىرىق كىشىلىك جامائەت نە ئۈزۈمنى، نە ناننى تۈگىتەلمىدى. ئۇلار ئۆيۈمدىكى سۇدىنمۇ ئىچكەندىن كېيىن قايتىشتى. بىز ئائىلىمىز بىلەن ئۇلاردىن ئېشىپ قالغان سۇدىن ئىچەتتۇق، بىزگە شىپالىق بولاتتى. رىزقىمىزغا بەرىكەت كەلگەن ئىدى» دەيدۇ.

ھەزرىتى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا قەلبى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇھەببىتى بىلەن تولغان، ئەقىللىق زات ئىدى. پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىشنى ياخشى بىلەتتى. پات-پات پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك ئۆيىگە كېلىپ، ئاياللىرى–مۇئمىنلەرنىڭ ئانىلىرى بىلەن سۆھبەتلىشەتتى. پاكدامەن ئانىمىز ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆيىگە كېلىن بولۇپ كەلگەن كۈنى ھەزرىتى ئەسما ئۇ يەردە ئىدى. پەخرى كائىنات سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۈت تەقدىم قىلىندى. رەسۇلۇللاھ سۈتتىن بىرئاز ئىچكەندىن كېيىن ئائىشە ئانىمىزغا سۇندى. ئائىشە يېڭى كېلىن بولغانلىقى ئۈچۈن خىجىل بولۇپ سۈتنى ئالمىدى. بۇ چاغدا ھەزرىتى ئەسما بىننتى يەزىد: «ئى ئائىشە! رەسۇلۇللاھنىڭ قولىنى قايتۇرماڭ، سۈتنى ئېلىپ ئىچىڭ“ دېدى. ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سۈتنى قولىغا ئېلىپ بىرئاز ئىچىپ رەسۇلۇللاھقا قايتۇرۇپ بەردى.

رەسۇلۇللاھ سۆتنى ئائىشەنىڭ قولىدىن ئېلىپ، ئەسماغا بەردى. ھەزرىتى ئەسما رەسۇلۇللاھنىڭ قولىدىن قاچىنى ئېلىپ قالغان مۇبارەك سۆتنى ئىچتى.

ھەزرىتى ئەسما بىنتى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھا پات-پات رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەجلىسىگە قاتنىشاتتى. بىر كۈنى ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھوزۇرىغا كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ ساھابىلەرغا دەججال ھەققىدە مەلۇمات بېرىۋاتاتتى. ئۇ ئولتۇرۇپ رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدى. رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ ھەيرانلىقىنى ۋە قورقۇشىنى ئاشۇرۇۋەتكەن ئىدى. ئۇ بۇلدۇقلاپ يىغلاشقا باشلىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ، «ئى ئەسما! نېمىشقا يىغلايسىز؟» دەپ سورىدى. ئۇ، «يا رەسۇلەللاھ! قورسىقىمىز ئاچقاندا نان پىشقىچە ساقلىيالمايدىغان سەۋرسىز كىشىلەرمىز. دەججال چىققاندا قەھەتچىلىك بولسا، ھالىمىز قانداق بولا؟» دېدى. رەھمەت پەيغەمبىرى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ: «ئۇ چاغدا ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلىپ، كەلىمە تەۋھىدكە چىڭ ئېسىلساڭلار، ئاچلىقتىن خاتىرجەم بولىسىلەر» دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «بۇنچىلىك قورقۇپ كېتىش ھاجەتسىز. مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن سىلەرگە قالقان بولىمەن. ئەگەر دەججال چىققاندا مەن ھايات بولمىسام، ئاللاھ تائالا مۇئمىن بەندىلىرىنى ساقلايدۇ» دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ سۆزى بىلەن بىزلەرگە ئاللاھ تائالاغا كۆپ زىكىر-تەسبىھ

ئېيتىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

ھەزرىتى ئەسما بىنتى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھا يەنە بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئاياللارنىڭ ھېيىزدىن ۋە جۇنۇبلۇقتىن قانداق پاكلىنىشنى سورىغان ئىدى. ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىز ھەزرىتى ئەسمانىڭ بۇ جەسۇرلىقىنى تەقدىرلەپ:»ئويۇلۇش ئەنسار ئاياللارنىڭ دىنىنى ئۆگىنىشىگە توسالغۇ بولالمايدۇ« دېگەن ئىدى.

ھەزرىتى ئەسما بىنتى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن 81 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ھەدىس توپلاملىرىدا ئۇنىڭ ھەدىسلىرى قەيت قىلىنغاندۇر.

ھەزرىتى ئەسما بىنتى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھا ناھايىتى ئەقىللىق ۋە سۆزگە ماھىر بولغانلىقى تېشىدا، جاسارەت ۋە شىجائەت بىلەنمۇ مەشھۇر بولغاندۇر. ئۇ خەيبەر ئۇرۇشىغا ۋە مەككە مۇكەررەمىنى فەتھى قىلىش سەپىرىگە قاتناشقان. ئۇنىڭ يەرمۇك ئۇرۇشىدا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقى تىللاردا داستان بولغاندۇر. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ يەرمۇك ئۇرۇشىدا چېدىرنىڭ ياغاچلىرىدىن بىرىنى يۇلۇپ ئېلىپ جەڭ مەيدانىغا كىرىپ، ئەرلەرنى ھەيران قالدۇرغىدەك جەڭ قىلىپ 9 نەپەر كاپىرنى ئۆلتۈرگەن.

مۇقەددەس دىنى يولىدا تاتلىق جېنىنى پىدا قىلىشتىن چېكىنمىگەن، ئىلىم مەجلىسلىرىدىن ئايرىلمىغان، پىكرىنى ئوچۇق ۋە توغرا ئىپادىلىيەلەيدىغان، بىلىم ئاشىقى بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ قاچان ۋە قەيەردە ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە

قولىمىزدا ئېنىق مەلۇمات يوق. ئاللاھ تائالا ھەزرىتى ئەسما بىنتى يەزىد ۋە باشقا بارلىق ساھابە كىراملاردىن رازى بولسۇن ۋە بىزلەرنى ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ھەقىقەتكە يېتىشنى نېسىپ قىلسۇن. ئامىين!

# شىجائەتلىك ئايال ھەزرىتى ئۇممۇ ھەكىم

ھەزرىتى ئۇممۇ ھەكىم مەككىدىكى ئەڭ داڭلىق ۋە مەشھۇر مەخزۇمىي قەبىلىسىدىن ھارىس ئىبنى ھىشامنىڭ قىزى. ئۇ تاغىسى ئەبۇ جېھىلنىڭ ئوغلى ئىكرىمىگە ياتلىق بولغان. ھەزرىتى ئۇممۇ ھەكىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كۆپ سانلىقى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۈشمەن ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى ھارىس، ئېرى ئىكرىمە، تاغىسى ۋە قېيىن ئاتىسى ئەبۇ جېھىل ئۇلارنىڭ بېشىدا كېلەتتى. ئۇممۇ ھەكىم ئۆزىمۇ ئىسلامغا قارشى تۇرغان ۋە ھىجرەتنىڭ 3-يىلى يۈز بەرگەن ئوھۇد غازىتىدا ئېرى بىلەن بىللە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قارشى ئۇرۇشقا ئاتلىنىپ كەلگەن ئىدى. ھىجرەتنىڭ 8-يىلى مەككە فەتھى قىلىنغاندا، ھىدايەت تېپىپ، ئۆتمۈشىگە تەۋبە قىلىپ مۇسۇلمان بولدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە دادىسى ھارىس ئىبنى ھىشاممۇ مۇسۇلمان بولدى.

بۇ ۋاپادار ئايال ئېرى ئىكرىمەنىڭمۇ ھىدايەت تېپىپ ئىسلام بىلەن شەرەپلىنىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن ئېرى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قاتتىق دۈشمەن ئىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىنى فەتھى قىلىپ، مەككىگە كىرگەن كۈنى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلۈشتىن قورقۇپ قېچىپ كەتكەن ئىدى. ھەزرىتى ئۇممۇ ھەكىم مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ ئېرىگە پاناھلىق تىلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭ ئېرى مەككىگە قايتىپ كەلسە ئۆلتۈرمەسلىككە ۋەدە بەردى. بۇنىڭغا ناھايىتى خۇشال بولغان ئۇممۇ ھەكىم، ئېرىگە بۇ خۇشخەۋەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن يولغا چىقتى. ئېرى يەمەن تەرەپكە كەتكەن ئىدى.

ھەزرىتى ئۇممۇ ھەكىم رەزىيەللاھۇ ئەنھا چۆل باياۋانلارنى ئېشىپ، يەمەنگە يېتىپ باردى. ئېرىنى ئىزدەپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئېرىنى دېڭىز قىرغىقىدا تېخىمۇ يىراق يەرلەرگە كېتىش ئۈچۈن كېمىگە چىقىۋاتقان يەردە تاپتى. ئۇممۇ ھەكىم ئېرىگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئامانلىق بەرگەنلىكىنى، مەككىگە قايتىپ بارسا ئۆلتۈرمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنى قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇلار مەككىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇممۇ ھەكىمنىڭ ئېرى ئىكرىمە ھىدايەت تېپىپ مۇسۇلمان بولدى. بۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە بۇ ئەر-خوتۇنلار ئىسلام بىلەن شەرەپلەنگەن ھالدا بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدى.

ھەزرىتى ئۇممۇ ھەكىم رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېرى شېھىد بولغاندا ئاللاھ تائالانىڭ قازا ۋە قەدىرىگە رازى بولۇپ، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ بېرىدىغان مۇكاپىتىنى ئۈمىد قىلىپ، سەۋر-تاقەت قىلدى. بۇ سەۋرچان، مۇجاھىدە ئايال تۇل قالغاندىن كېيىن، ئۇلۇغ ساھابىلەردىن ئىككىسى ئۇنىڭغا ئۆيلىنىشنى تەكلىپ قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى يەزىد ئىبنى ئەبۇ سۇفيان، يەنە بىرى خالىد ئىبنى سەئىد ئىدى. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى مەككىدە قۇرەيش قەبىلىسىدە تونۇلغان، يۈزلۈك

ئائىلىدىن ئىدى. ھەزرىتى ئۇممۇ ھەكىم ھەزرىتى خالىد ئىبنى سەئىدنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئىددىتى تۈگىگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش قۇردى. ھەزرىتى خالىد ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قەھرىمان چەۋەندازلىرىدىن ئىدى. بۇ چاغدا مۇسۇلمانلار رىملىقلار بىلەن ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتاتتى. سۈرىيەنىڭ قەنتەرە دېگەن يېرىدە ھەزرىتى ئۇممۇ ھەكىم بىلەن ھەزرىتى خالىد ئىبنى سەئىدنىڭ تويى بولدى. مانا مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ يەرنىڭ ئىسمى «ئۇممۇ ھەكىم قەنتەرىسى» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. توي تۈگىمەي تۇرۇپ ئۇرۇش باشلاندى. ھەزرىتى خالىد ئېتىنى تەييارلاپ ئۇرۇشقا كەتتى. بۇ ئۇرۇش شۇنچىلىك شىددەتلىك ۋە دەھشەتلىك بولدىكى، ئەرلەر ئاجىز كېلىپ بارلىق مۇسۇلمان ئاياللار ئۇرۇشقا قاتناشتى. تېخى توي كىيىمىنى سالمىغان يېڭى كېلىن ھەزرىتى ئۇممۇ ھەكىم باشقا ئاياللارغا قوشۇلۇپ ئۇرۇشقا چىقتى. ئۇ شۇنچىلىك قەھرىمانلارچە ئۇرۇشتىكى، يەتتە نەپەر كاپىرنى ئۆلتۈردى. بۇ زاتنىڭ جاسارىتى نېمىدېگەن ئۇستۇن. ئۇنىڭ ئاللاھ يولىدا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقىنى ۋە دۈشمەنلەر بىلەن ئېلىشىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس. ئۇرۇش مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. لېكىن ھەزرىتى ئۇممۇ ھەكىمنىڭ ئېرى ھەزرىتى خالىد ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىد بولدى.

تارىخ كىتابلىرى بىزگە ھەزرىتى ئۇممۇ ھەكىم قاتناشقان غازاتنىڭ بۇ بىر ئۇرۇشلا ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئۇنىڭ ئىلگىرى ۋە كېيىن بىر نەچچە غازاتقا قاتنىشىپ ئاللاھ يولىدا قەھرىمانلارچە جەڭ قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىن ھەزرىتى ئۇممۇ ھەكىم رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىسلام دۆلىتىنىڭ پايتەختى مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە قايتتى. مەدىنىدە مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى نىكاھىغا ئېلىشنى تەلەپ قىلدى، ئۇ تەلەپنى قوبۇل قىلدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا بىر قىز ئاتا قىلدى. ئۇنىڭغا فاتىمە دەپ ئىسىم قويدى. ھەزرىتى ئۇممۇ ھەكىمنىڭ بۇرۇنقى ئەرلىرىدىن بالىسى بولمىغان ئىدى.

تەرجىمىھال كىتابلىرىدا بۇ قەھرىمان، ئۇلۇغ ئايالنىڭ قەيەردە ۋە قاچان ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىقلىق مەلۇمات يوق. لېكىن مۇسۇلمان ئاياللىرىمىزنىڭ بۇ ۋاپادار، ساداقەتمەن، شىجائەتلىك، قەھرىمان ئايالدىن ئۆگىنىشىگە تېگىشلىك كۆپلىگەن دەرسلەر بار.

ئاللاھ تائالا ھەزرىتى ئۇممۇ ھەكىم ۋە باشقا بارلىق ساھابە كىراملاردىن رازى بولسۇن. ئوغۇل-قىزلىرىمىزغا تەۋپىق-ھىدايەت بېرىپ ئۇلارنىڭ يولىدىن ماڭغىلى نېسىپ قىلسۇن. قىيامەت كۈنى بىزلەرنى ئۇلارنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشتۈرسۇن. ئامىين!

# ھەبەشىستان گۈلى ھەزرىتى ئۇممۇ خالىد

مەككىدە دەسلەپ مۇسۇلمان بولغانلار كاپىرلارنىڭ ھەر تۈرلۈك بېسىم ۋە زۇلۇملىرىغا ئۇچرىغان ئىدى. كاپىرلار بىچارە مۇسۇلمانلارنى دىنىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن تۈرلۈك-تۈرلۈك زۇلۇملارنى قىلاتتى. بىچارە مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالاغا بولغان ھەقىقىي ئىمانى ۋە چىن ئىخلاسى بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ كۆتۈرگۈسىز قىيىناشلىرىغا سەۋر-تاقەت قىلاتتى. كاپىرلارنىڭ زۇلمى كۈندىن كۈنگە ئېغىرلاشماقتا ۋە تاقەت قىلغىلى بولمايدىغان ھالەتكە كەلمەكتە ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسۇلمانلارنى ھەبەشىستانغا بېرىڭلار، ئۇ يەرنىڭ پادىشاھى ئادىل بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا ھېچكىم زۇلۇمغا ئۇچرىمايدۇ، بەلكى ئاللاھ سىلەرنى ئۇ يەردە نىجاتلىققا ئېرىشتۈرە، دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزى بىلەن بىر نەچچە مۇسۇلمانلار ئانا يۇرتىنى، ئىسسىق ئۆيىنى، سۆيۈملۈك ئائىلىسىنى تاشلاپ، كۆرمىگەن-بىلمىگەن بىر ياقا يۇرتقا ھىجرەت قىلدى.

ھەزرىتى ئۇممۇ خالىد ئەنە شۇ غېرىبلىق ۋە مۇساپىرچىلىق يۇرتى ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىپ بارغان مۇسۇلمان بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ئەمەت بولۇپ، ئۇممۇ خالىد دېگەن كۇنيە بىلەن مەشھۇر بولغاندۇر.

دادىسى خالىد ئىبنى سەئىد، ئانىسى ھۇمەينەدۇر. ئۇممۇ خالىد بالاغەتكە يەتكىلى ئاز قالغانغا قەدەر ھەبەشىستاندا ياشىدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىرى مۇرتەت بولۇپ تاشلىنىۋەتكەن ھەزرىتى ئۇممۇ ھەبىبەنى نىكاھىغا ئېلىش ئۈچۈن نەجاشىغا مەكتۇپ ئەۋەتتى. نەجاشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارزۇسىنى دەرھال ئورۇندىماقچى بولدى. ئۇممۇ ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇممۇ خالىدنىڭ دادىسى خالىد ئىبنى سەئىدنى ئۆزىگە ۋەكىل قىلدى. پادىشاھ غايىب نىكاھ قىلغاندىن كېيىن، كۆپلىگەن ھەدىيەلەر بىلەن ئۇممۇ ھەبىبەنى دېڭىز ئارقىلىق رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەۋەتمەكچى بولۇپ، مۇسۇلمانلاردىن بىر كارۋان تەشكىللەپ مەخسۇس بىر كېمە بىلەن ئەرەبىستانغا يولغا سالدى. پادىشاھ ئۆزى كېمە ماڭىدىغان پورتقا كېلىپ كارۋاننى ئۇزاتتى ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سالام يوللىدى. بۇ كارۋاننىڭ ئىچىدە ھەزرىتى ئۇممۇ خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ بار ئىدى.

بۇ كارۋان مەككىگە ئەمەس مەدىنىگە بارماقچى. مۇسۇلمانلار بۇ يولۇچىلارنى «كېمە ئىگىلىرى» دەپ ئاتايتتى.

ئى كېمە دوستلىرى! كېمە ئىگىلىرى خۇش كېلىپسىلەر! دېگەن ئاۋاز ھەزرىتى ئۇممۇ خالىدنى چۆچۈتىۋەتتى. ئورنىدىن تۇرۇپ قارىدى. پۈتۈن مەدىنە خەلقى ئۇلارنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى. دېڭىز تۈگەپ، يول ئاخىرلاشقان ئىدى. ھەممە خۇشال خۇرام بىر-بىرى بىلەن قۇچاقلىشاتتى، بىر-بىرى بىلەن سالاملىشاتتى، ئۆيلىرىگە دەۋەت قىلىشاتتى.

مەدىنە خۇددى ئۈز ئۆيى ۋە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋەتىنى ئىدى. مەدىنە سۇيى، ھاۋاسى، تۇپراقلىرى ۋە بۇك-باراقسان خورما دەرەخلىرى بىلەن ئۇلارغا قۇچاق ئاچقان ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ كۆزىدە ئەڭ گۈزەل شەھەر مەدىنە شەھىرى ئىدى.

يولۇچىلار بىر ئازدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بارماقچى ئىدى. ئۇممۇ خالىدنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا سېرىق كۆڭلەكنى كىيگۈزۈپ، چاچلىرىنى تاراپ تەييارلىدى. ھەزرىتى ئۇممۇ خالىد رەسۇلۇللاھنى بالىلىق كۆزى بىلەن كۆرەتتى ۋە بالىلىق قەلبى بىلەن سۆيەتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئېلىپ قۇچىقىدا ئولتۇرغۇزدى. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ساقاللىرىنى ۋە پەيغەمبەرلىك مۆھۈرىنى ئويناشقا باشلىدى. دادىسى خالىد خىجىل بولۇپ، قىزنى ئالماقچى بولدى، لېكىن رەسۇلۇللاھ، قويغىن، ئوينىسۇن، دېدى ۋە ئۇنىڭ سېرىق كۆڭلىكىنى كۆرسىتىپ: «سەنەھ، سەنەھ» دېدى. بۇ ھەبەشىستان تىلىدا گۈزەل دېگەن بولاتتى. كىچىك قىز رەسۇلۇللاھقا بالىلىق كۆزلىرى بىلەن قاراپ كۈلەتتى. مەدىنە ھاياتى مانا مۇشۇنداق باشلاندى. ئۇممۇ خالىد ئۆزىگە ئاداشلارنى تاپتى. دادىسى رەسۇلۇللاھنىڭ مەخسۇس كاتىپى بولدى.

ھەزرىتى ئۇممۇ خالىد تويى قىلىش يېشىغا يەتكەندە، جەننەت بىلەن خۇشخەۋەر بېرىلگەن ئون ساھابىنىڭ بىرى ھەزرىتى زۇبەير ئىبنى ئاۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ياتلىق بولدى ۋە ئۇنىڭدىن خالىد ۋە ئۆمەر ئاتلىق ئىككى پەرزەنتى دۇنياغا كەلدى. ھەزرىتى ئۇممۇ خالىد رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيهى ۋەسەللەمدىن ئىككى هەدىس رىۋايەت قىلغان، هەر ئىككى هەدىس سەھىھ بۇخارىدا باردۇر. ئاللاھ تائالا هەزرىتى ئۇممۇ خالىدقا ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلدى. ئۇ هىجرىيىنىڭ 90- يىلى ۋاپات بولدى. ئاللاھ هەزرىتى ئۇممۇ خالىد ۋە باشقا بارلىق ساھابە كىراملاردىن رازى بولسۇن. بىزگە هەزرىتى ئۇممۇ خالىدتەك رەسۇلۇللاهنى سۆيۈشنى نېسىپ قىلسۇن. ئامىين!

# رەسۇلۇللاھنىڭ قېيىن ئانىسى ھەزرىتى ئۇممۇ رۇمان

ھەزرىتى ئۇممۇ رۇمان رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالى، ھەزرىتى ئائىشە ۋە ھەزرىتى ئابدۇررەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ ئانىسىدۇر.

ھەزرىتى ئۇممۇ رۇماننىڭ ئەسلى ئىسمى زەينەپ بولۇپ، ئۇممۇ رۇمان دەپ مەشھۇر بولغاندۇر.

ھەزرىتى ئۇممۇ رۇمان ئىسلامنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا مۇسۇلمان بولدى ۋە مەدىنىگە دەسلەپ ھىجرەت قىلغانلار بىلەن بىرگە ھىجرەت قىلىپ، دەسلەپكى مۇھاجىرلار شەرىپىگە ئېرىشتى. ھەزرىتى ئۇممۇ رۇمان رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئاللاھ يولىدا كەلگەن بارلىق قىيىنچىلىق ۋە جەبىر-جاپالارغا بەرداشلىق بېرىپ سەۋر-تاقەت قىلغاننىڭ سىرتىدا ئېرى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ياردەمچى ۋە تايانچۇق بولدى. جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بىلەن پات-پات كۆرۈشۈپ مەسلىھەتلىشىشى ھەزرىتى ئۇممۇ رۇماننىڭ ئۆيىدە بولاتتى. شۇڭا ئۇ ھەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ھەم مەجلىسكە كەلگەن باشقا ساھابىلەرغا خىزمەت قىلاتتى. ئۇ كۆرسەتكەن يۇقىرى خىزمەتلىرى بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۆرمەت ۋە تەقدىرىگە سازاۋەر بولدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاچان ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىگە كەلسە، «ئى ئۇممۇ رۇمان! ئائىشىگە ياخشى قاراڭ، ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن مېنى غەزەپلەندۈرمەڭ» دەيتتى. ھەزرىتى ئۇممۇ رۇمان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ تەۋسىيىسىنىڭ مەنىسىنى، ھەزرىتى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئائىشىنى تەلەپ قىلغاندا چۈشەندى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزنى نىكاھىغا ئېلىشى بىلەن ھەزرىتى ئۇممۇ رۇمان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېيىن ئانىسى بولۇش شەرىپىگە ئېرىشتى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، ئائىلىلىرىمۇ ھىجرەت قىلدى. ھەزرىتى ئۇممۇ رۇمان، قىزى ئائىشە، ئوغۇللىرى ئابدۇللاھ ۋە تۇفەيل، ئۆگەي قىزى ئەسما، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى سەۋدە، قىزلىرى فاتىمە ۋە ئۇممۇ كۇلسۇملار بىرلىكتە ھىجرەت قىلدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن.

ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا تۆھمەت چاپلانغاندا، ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كۆنلەرچە يىغلىغان ئىدى. ھەزرىتى ئۇممۇ رۇمان رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قىزى ئائىشىنى تەسەللى قىلىپ ئېيتقان مۇنۇ سۆزى تارىختا ساقلىنىپ قالغاندۇر: «قىزىم! ئىچىڭنى پۇشۇرمىغىن، سالامەتلىكىڭنى ئويلىغىن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەندەك چىرايلىق، ئېرى ئامراق ۋە بىر

نەچچە كۈندىشى بولغان بىر ئايالنى قىزغىنىدىغانلار، ئۇنىڭ ھەققىدە ھەر تۈرلۈك بولمىغۇر پىتنە-ئىغۋالارنى تارقىتىدىغانلار كۆپ بولىدۇ.»

ھەزرىتى ئۇممۇ رۇمان رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىبادەتنى كۆپ قىلىشقا تىرىشىدىغان، بولۇپمۇ نامازنى كۆپ ئوقۇيدىغان زات ئىدى. باشقىلارغا ئۈلگە مۇسۇلمان ئاياللار ئىچىدە ئاللاھ بىر ئورۇنغا ئىگە ھەزرىتى ئۇممۇ رۇمان رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى سەۋەبلىك قىيامەتكىچە كېلىدىغان ئەۋلادلارغا ياخشى بىر خاتىرە قالدۇرغانلىقىنى ئېيتىشقا بولىدۇ.

مۇشۇ سەۋەبلەردىن بولسا كېرەك رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېيىن ئانىسى ھەزرىتى ئۇممۇ رۇمانغا ناھايىتى بەك ھۆرمەت قىلاتتى. بىر بالىنىڭ ئانىسىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشى كېرەك بولسا، شۇنداق مۇئامىلە قىلاتتى.

ھەزرىتى ئۇممۇ رۇمان رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قاچاق ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە ئوخشاش بولمىغان رىۋايەتلەر بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ۋاپات بولغان يىلىنى ئېنىق ئېيتالمايمىز. ئاللاھ تائالا ھەزرىتى ئۇممۇ رۇمان ۋە باشقا بارلىق ساھابىلەردىن رازى بولسۇن. قىيامەت كۈنى بىزنى ئۇلارنىڭ شاپائىتىدىن مەھرۇم قىلمىسۇن. ئامىن!

# تۇنجى شېھىد ئايال ھەزرىتى ئۇممۇ ئەممار

ھەزرىتى ئۇممۇ ئەممارنىڭ ئىسمى سۇمەييە بىنتى خەييات بولۇپ، ئەبۇ ھۇزەيفە ئىبنى مۇغىرەنىڭ قۇلى ئىدى. خوجايىنى ئۇنى ئىتتىپاقدىشى ياسىر ئىبنى ئامىر دېگەن كىشىگە ياتلىق قىلغان ۋە ئۇنىڭدىن ئەممار ئىسىملىك بىر ئوغلى بولغان، ئاندىن خوجايىنى ئۇنى ئازات قىلىۋەتكەن ئىدى.

ھەزرىتى ئۇممۇ ئەممار بالا-مۇسىبەتلەرگە سەۋر-تاقەت قىلىش ۋە ئاللاھ يولىدا كەلگەن ھەر تۈرلۈك جەبىر-جاپا ۋە قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىشتە جانلىق ئۆلگىدۇر. ھەزرىتى ئۇممۇ ئەممار ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندە، دەسلەپ مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ بېشىدا كېلىدۇ. تەرتىپ بويىچە ئېيتقاندا ئۇ يەتتىنچى مۇسۇلماندۇر. يەنى 1- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، 2- ئەبۇ بەكرى، 3- بىلال ئىبنى رەباھ، 4- خەبباب ئىبنى ئەرەت، 5- سۇھەيب ئىبنى سىنان، 6- ئەممار ئىبنى ياسىر ۋە 7- ئۇممۇ ئەممار، ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن. ھەزرىتى ئۇممۇ ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئوغلى ئەممار مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىنلا مۇسۇلمان بولغان ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئېرى ھەزرىتى ياسىرمۇ ئىسلام بىلەن شەرەپلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ئائىلە پۈتۈنلەي مۇسۇلمان بولغان ئىدى. بۇ ئەھۋال مەككە كاپىرلىرىنى قاتتىق

بىئارام قىلغان ئىدى. كاپىرلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دوستلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە چىدىيالمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى مۇسۇلمان بولغان زاتلارغا بولۇپمۇ ھىمايىچىسى يوق، ئاجىز مۇسۇلمانلارغا ھەر تۈرلۈك زۇلۇملارنى قىلىشقا باشلىدى.

مەككە مۇشرىكلىرى ھەزرىتى سۇمەييە، ئوغلى ئەممار ۋە ئېرى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنى ھەر كۈنى تۈرلۈك-تۈرلۈك ئازاب-ئوقۇبەتلەر بىلەن قىيناشقا باشلىدى. كۈن چۈش بولۇپ، ھاۋا قاتتىق قىزىغاندا بۇلارنى ئېلىپ چىقىپ، تۆگىلەرگە باغلاپ، قىزىق قۇملارنىڭ ئۈستىدە سۆرىتەتتى. تۈۋرۈكلەرگە باغلاپ ئۇراتتى. چۆللەرگە ئېلىپ بېرىپ، پۇت-قوللىرىنى باغلاپ، ئاپتاپتا قىزىپ كەتكەن قورام تاشلارنى ئۈستىگە ئېلىپ، بەدەنلىرىنى داغلايتتى. لېكىن بۇ ئىمان قەھرىمانلىرى ئەقىلگە سىغمايدىغان ئازاب-ئوقۇبەت ۋە قىيىناشلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئىمانىدا مۇستەھكەم تۇراتتى. كاپىرلار بۇتلارغا چوقۇنسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھاقارەتلىسە قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتاتتى، ئىمانىدىن يېنىشقا زورلايتتى. لېكىن ئۇلار «ئاللاھ بىر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بەرھەق پەيغەمبەر» دەپ چىڭ تۇراتتى.

بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلار ئازاب قىلىنىۋاتقان يەرگە كەلدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىۋاتقىنىنى يىراقتىن كۆرۈپ، پۈتۈن ئازابلىرىنى ئۇنتۇپ، كۆزلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تىكتى. گويا ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆزلىرى بىلەن قارشى ئالدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم ئۆلارنىڭ يېنىغا كەلدى، ئۆلارنىڭ تارتىۋاتقان ئازاب-ئوقۇبەتلەردىن يۈركى پارچىلانغان ئىدى، ئۆلارنىڭ تارتقان ئازابلىرىنى ئۆزى تارتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. لېكىن قولىدا ئۆلارنى بۇئازابتىن قۇتۇلدۇرالايدىغان كۈچ يوق ئىدى. بۇ ھال رەھمەت پەيغەمبىرىنى تېخىمۇ ئازابلايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلارغا تەسەللى قىلىپ، سەۋر قىلىشنى تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئەي ياسىر ئائىلىسى، سەۋر قىلىڭلار، بارىدىغان جايىڭلار جەننەتتۇر.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزى بىلەن ئۆلارنىڭ بارىدىغان يېرىنىڭ جەننەت بولىدىغانلىقىنىڭ خەۋىرىنى بەردى. ئازابلاشلار ۋە قىيىناشلار ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىۋاتاتتى. ئىنسان ئاجىز يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تۈگىمەس، پۈتمەس ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە سەۋر-تاقەت قىلىشى تەس ئىدى. شۇڭا ياسىر: يا رەسۇلەللاھ! ۋاقىت ھەمىشە مۇشۇنداق ئۆتەمدۇ؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈركى ئېچىشىۋاتاتتى، ئۆلارغا سەۋر قىلىشنى تەۋسىيە قىلغاچ: «ئەي پەرۋەردىگارىم! ياسىر ئائىلىسىگە رەھمەت قىلغىن ۋە ئۆلارنى مەغپىرەت قىلغىن» دەپ دۇئا قىلدى.

كۈنلەر مۇشۇنداق ئۆتۈۋاتاتتى. ھەر كۈنى ئازاب، ھەر كۈنى قىيىناش، قاتتىق ھاقارەتلەر داۋاملاشماقتا ئىدى. ھەزرىتى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ياشىنىپ قالغان كىشى بولغاچقا، ئازاب-ئوقۇبەتكە چىدىيالمىدى، پانىي دۇنياغا كۆزىنى يۇمدى. ھەزرىتى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسلام تارىخىدا بىرىنچى شېھىد ئەر بولدى. ھەزرىتى ياسىر شېھىد بولغاندىن كېيىن ئازابلاش ۋە قىيىناشلار ھەزرىتى ئۇممۇ ئەممار بىلەن ئوغلى ئەممار ئۈستىگە مەركەزلەشتى.

ھەزرىتى ئۇممۇ ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ خوجايىنى بۇ ئانا-ئوغۇل بىچارىلەرنى قىيناپ ھېرىپ، مەلئۇن ئەبۇ جېھىلگە بۇلارنى سەن بىر نەرسە قىلغىن، دېدى. ئەبۇ جېھىل ھەزرىتى ئۇممۇ ئەممارنى قىيناپ، ئۇرغانىنىڭ سىرتىدا ھەر تۈرلۈك يامان تىل ھاقارەتلەر بىلەن تىللايتتى. لېكىن بۇ قەھرىمان ئايال پۈتۈن قىيناشلارغا سەۋر قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنى شۇنچە ئازابلاپمۇ دىنىدىن ياندۇرالماي جىلە بولغان مەلئۇن ئەبۇ جېھىل ھەزرىتى ئۇممۇ ئەممارنى ھاقارەتلەپ: «مۇھەممەدنىڭ چىرايلىقلىقىغا مەپتۇن بولۇپ مۇسۇلمان بولغان نەرسە سەن» دېدى. بۇ ئېغىر ھاقارەتكە چىدىيالمىغان ھەزرىتى ئۇممۇ ئەممار، ئەبۇ جېھىلنىڭ يۈزىگە تۈكۈردى. لەنىتى ئەبۇ جېھىل قولىدىكى نەيزىنى ھەزرىتى ئۇممۇ ئەممارنىڭ كۆكسىگە تىقىپ، ئۇنى شېھىد قىلدى. مانا بۇ قەھرىمان ئايال تارىخ كىتابلىرىغا «ئىسلام تارىخىدىكى بىرىنچى شېھىد ئايال» دەپ، ئالتۇن ھەرپلەر بىلەن يېزىلدى.

ئۇممەتنىڭ پىرئەۋنى دەپ سۈپەتلەنگەن لەنىتى ئەبۇ جېھىل، بەدىر غازىتىدا ئۆلتۈرۈلگەندە، رەھمەت پەيغەمبىرى ھەزرىتى ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قاراپ: «ئاللاھ ئاناڭنىڭ قاتىلىنى ئۆلتۈردى» دېدى.

ئاللاھ تائالا ھەزرىتى ئۇممۇ ئەممار، ئېرى ھەزرىتى ياسىر، ئوغلى ھەزرىتى ئەممار ۋە باشقا بارلىق ساھابە كىراملاردىن رازى بولسۇن. بىزنى ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىشقا نېسىپ قىلىپ، قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشتۈرسۇن. ئامىين!

# سەۋرچان ئايال ھەزرىتى ھەمنە

ھەمنە بىنتى جەھش، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى ھەزرىتى زەينەپ بىنتى جەھش رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ سىڭلىسىدۇر. ئۇنىڭ ئانىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاغا ئاچىسى ئۇمەيمە، ئاكىسى ئوھۇد غازىتىدا شېھىد بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئېرى مەدىنىگە تۇنجى ھىجرەت قىلغان ۋە مەدىنىدە قۇرئان ئۇستازى بولغان، چىرايلىق يىگىت ھەزرىتى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر. مانا بۇ سەۋەب بىلەن ھەزرىتى ھەمنەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىدە يۇقىرى ئورنى بار ئىدى.

ھەزرىتى ھەمنە ئىسلامنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا مۇسۇلمان بولغان ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىرىنچى بەيئەت قىلغان ئايال ساھابىلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇ مەككىدىكى ئەڭ كېلىشكەن يىگىت ھەزرىتى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تۇرمۇشقا چىققان ۋە ئىسلام نۇرى بىلەن ئايدىڭلانغان مۇبارەك ئۆيلىرىدە بەختلىك بىر ئائىلە بولغان ئىدى. بىر قىز بالىسى بولدى. كاپىرلارنىڭ ئەزىيەت ۋە زۇلۇملىرىغا بىرلىكتە سەۋر قىلدى، بىر-بىرىگە يۆلەنچى بولدى. ھەزرىتى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير مەككىدە ناھايىتى باي ئائىلىنىڭ ئەتىۋارلىق ئوغلى ئىدى. ئۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئاتا-ئانىسى ئۇنى ئۆيدىن

قوغلاپ چىقارغان ۋە يېمەك-ئىچمەك،كىيىم-كېچەكلەردە ئەڭ نامرات كىشى بولغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۇلار ئىسلامدىن ۋاز كەچمىدى، دىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يولىدا كېچە-كۈندۈز ئىشلىدى، مەككىدە كاپىرلارنىڭ زۇلمى ئېغىرلىشىپ ياشاش ئىمكانى قالمىغاندا مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى.

ھەزرىتى ھەمنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ سۆيۈملۈك ئېرى ھەزرىتى مۇسئەب مەدىنىدە ئىسلام تارقاتقان كىشى ئىدى. ھىجرىيىنىڭ ئۈچىنچى يىلى ئوھۇد غازىتى بولدى. ھەزرىتى ھەمنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ تاغىسى ھەزرىتى ھەمزە، ئاكىسى ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش ۋە ئېرى ھەزرىتى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن غازاتقا چىقتى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىدىن رازى بولسۇن. ئۇرۇش ناھايىتى قاتتىق بولدى ۋە مۇسۇلمانلاردىن يەتمىش كىشى شېھىد بولدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەزرىتى ھەمزە، ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش ۋە مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بار ئىدى. ئۇرۇش توختاپ، جەڭچىلەرنىڭ مەدىنىگە قاراپ يولغا چىققانلىقى خەۋىرى كەلدى. ئاياللار يولنىڭ كانارلىرىدا جەڭچىلەرنى كۈتۈپ تۇردى. كىم ئۆتسە ئاياللار ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بىرىپ تۇغقانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سورايتتى. لېكىن ھېچكىم جاۋاب بەرمەيتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەلگەندىن كېيىن ئاياللارنى بىر-بىرلەپ قوبۇل قىلىپ، سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى. نۆۋەت ھەزرىتى ھەمنە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق ھېسسىياتقا چۆمدى ۋە ھەمنىنى غەمكىن قارشى ئالدى. ئۇنىڭغا قانداق جاۋاب بېرەتتى؟ ئۇنىڭ ئېرى، ئاكىسى ۋە تاغىسى شېھىد بولغان ئىدى.

رەھمەت پەيغەمبىرى غەمكىن بىر ھالدا: «ئى ھەمنە! ئاللاھنىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ سەۋر قىلىڭ» دېدى.

ھەزرىتى ھەمنە: كىمگە سەۋر قىلاي يارەسۇلەللاھ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تاغىڭىز ھەمزىگە سەۋر قىلىڭ» دېدى.

ھەزرىتى ھەمنە: ئىننا لىللاھ ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن، ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت ۋە مەغپىرەت قىلسۇن، دېدى.

ھەمنەنىڭ سەۋرچانلىقىغا خۇشال بولغان رەسۇلۇللاھ: «ئى ھەمنە! ئاللاھنىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ سەۋر قىلىڭ» دېدى. ھەزرىتى ھەمنە: «كىمگە سەۋر قىلاي يارەسۇلەللاھ؟» دېدى. رەسۇلۇللاھ: «ئاكىڭىز ئابدۇللاھقا سەۋر قىلىڭ» دېدى.

ھەزرىتى ھەمنە: ئىننا لىللاھ ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن، ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت ۋە مەغپىرەت قىلسۇن! دېدى.

رەسۇلۇللاھ يەنە: «ئى ھەمنە! ئاللاھنىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ سەۋر قىلىڭ» دېدى. ھەزرىتى ھەمنە: كىمگە سەۋر قىلاي يارەسۇلەللاھ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېخىمۇ قايغۇرغان ھالدا: «مۇسئەب ئىبنى ئۆمەيرگە» دېدى.

سۆيۈملۈك ئېرىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان ھەزرىتى ھەمنە: ۋاي ئېسىت! ئەمدى مەن قانداق قىلاي؟ دەپ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ يىغلاپ كەتتى.

ھەزرىتى ھەمنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئىچى پۇشقىغا چىدىيالمىغان رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا تەسەللى قىلىش ئۈچۈن:

ئاياللارنىڭ قەلبىدە ئەرلىرىنىڭ ئالاھىدە يېرى بار، دېدى ۋە ھەمنە بىلەن يېتىم قالغان بالىلىرىغا ياخشى بىر يار بولىدىغان بىرسىنى تىلەپ دۇئا قىلدى.

ھەزرىتى ھەمنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا كۆپ جىھاتلارغا قاتنىشىپ، ئەسكەرلەرگە سۇ، تاماق يەتكۈزۈش ۋە يارىلانغانلارنىڭ يارىسىنى تېڭىش خىزمەتلىرىنى ئۆتىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەر ئۇرۇشىدا ئېلىنغان غەنىمەتتىن ھەزرىتى ھەمنىگە 30 ۋەسەق ئاشلىق بەرگەندۇر.

ھەزرىتى ھەمنە ئىلىم ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن، شەرىئەت ھۆكمىنى سوراشتىن ئۇيالمايدىغان زات ئىدى. ئۇ ئايلىق ئادىتىنىڭ مۇددىتى توشقاندىن كېيىنمۇ، قېنىنىڭ توختىمىغانلىقىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سوراپ، ھۆكمىنى ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ بۇ جاسارىتى بىلەن قىيامەتكىچە كېلىدىغان ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك بىر مەسىلە ھەل بولغاندۇر. ھەزرىتى ھەمنە يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغاندۇر.

ھەزرىتى ھەمنە ئېرى مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىد بولغاندىن كېيىن، جەننەت بىلەن خەۋەر بېرىلگەن ئون ساھابىنىڭ بىرى بولغان ھەزرىتى تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ياتلىق بولدى ۋە ئۇنىڭدىن ئىككى ئوغلى دۇنياغا كەلدى. بىر ئوغلىنىڭ ئىسمى مۇھەممەد بولۇپ، كۆپ ناماز ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن «سەججاد» يەنى كۆپ سەجدە قىلغۇچى دەپ ئاتالغان، ئۇ جەمەل ئۇرۇشىدا شېھىد بولدى. ئىككىنچى ئوغلى ئىمران فەزل ئىبنى ئابباسنىڭ قىزى ئۇممۇ كۇلسۇم بىلەن

ئۆيلەندى. ھەزرىتى ھەمنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قاچان ۋاپات بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس.

ئاللاھ تائالا ھەزرىتى ھەمنە ۋە باشقا بارلىق ساھابە كىراملاردىن رازى بولسۇن، ئامىين.

# رەسۇلۇللاھنىڭ ئىككىنچى ئانىسى ھەزرىتى ئۇممۇ ئەيمەن

ھەزرىتى ئۇممۇ ئەيمەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمەتچىسى ۋە ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئانىسى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىككىنچى ئانام دەپ ئالاھىدە ھۆرمەت قىلاتتى ۋە ئۇنىڭ جەننەت ئەھلىدىن ئىكەنلىكىنى خەۋەر بەرگەن ئىدى. بۇ پىداكار ئانا ئەسلىدە ھەبەشىستانلىق بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى ئابدۇللاھنىڭ چۆرىسى ئىدى. ئابدۇللاھ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئانىسى ئامىنەگە مىراس قالغان، ئىسمى بەرەكە بىنتى سەئلەبەدۇر.

ئۇ باشتا خەزرەج قەبىلىسىدىن ئۇبەيد ئىبنى زەيدكە ياتلىق بولغان ۋە ئۇنىڭدىن بىر ئوغۇل بولۇپ، ئەيمەن دەپ ئىسىم قويغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «ئۇممۇ ئەيمەن» دەپ مەشھۇر بولغاندۇر.

ھەزرىتى ئۇممۇ ئەيمەن رەزىيەللاھۇ ئەنھا شەپقەتلىك، مېھرىبان ئايال ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلگەندە، ئۇنى بىرىنچى بولۇپ قۇچىقىغا ئالغان ئۇممۇ ئەيمەندۇر. ئۇ بۇ مۇبارەك بوۋاقنى ئىچ كۆيدۈرۈپ باقاتتى. ھەزرىتى ھەلىمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئانىسىغا قايتۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن ئۇممۇ ئەيمەن ئۇنىڭغا ھەم خىزمەتچى، ھەم ئانا بولغاندۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەش-ئالتە ياشلارغا كىرگەن ۋاقتىدا ئانىسى ئامىنە مەدىنىگە بىرىپ ھەم ئېرى ئابدۇللاھنىڭ قەبرىنى، ھەم ئۇ يەردىكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى زىيارەت قىلماقچى بولدى. ئوغلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن خىزمەتچىسى ئۇممۇ ئەيمەننى بىرلىكتە ئېلىپ يولغا چىقتى. ئۇلار مەدىنىدە بىر ئايدەك تۇرۇپ قالدى.

ھەزرىتى ئۇممۇ ئەيمەن قابىلىيەتلىك، تەجرىبىلىك ئايال ئىدى. ئۇ پۈتكۈل جاھاننىڭ نۇرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆزىدىن يىراق قىلمايتتى. ئۇنى ھەر تۈرلۈك يامان كۆز ۋە يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ئەسكىلىك قىلىشىدىن قوغدايتتى. بىر كۈنى بېشىغا بىر ئىش كەلدى. بۇ ۋەقەنى ھەزرىتى ئۇممۇ ئەيمەن مۇنداق بايان قىلىدۇ: بىر كۈنى يەھۇدىيلارنىڭ ئالىملىرىدىن ئىككى كىشى يېنىمغا كېلىپ: «ئەھمەدنى ئالدىمىزغا ئەكەلگىن، بىر كۆرەيلى» دېدى. مەن ئەھمەدنى چاقىردىم، ئۇلار ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن نەزەر قىلىپ، ھەر تەرىپىگە قاراپ چىققاندىن كېيىن، «بۇ بالا كۈتۈلگەن ئاخىر زامان پەيغەمبىرى بولۇشى مۇمكىن، ئۇ كېيىن بۇ يەرگە ھىجرەت قىلىپ كېلىدۇ، بۇ يۇرتتا ناھايىتى چوڭ ئۇرۇشلار بولىدۇ، چوڭ ۋەقەلەر يۈز بېرىدۇ» دېدى.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۇممۇ ئەيمەن بۇ سۆيۈملۈك بالىنىڭ بېشىغا بىر خاپىلىق كېلىپ قالامدىكىن دەپ ئەندىشە قىلىپ، ئۇنىڭ يېنىدىن ھەرگىز ئايرىلمىدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن مەككىگە قايتماقچى بولدى. ئۈچ كىشىلىك كارۋان مەدىنىدىن ئايرىلىپ مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى. ناھايىتى خۇشال ھالدا يول يۈرۈپ ئەبۋا يېزىسىغا كەلدى.

لېكىن بۇ يەرگە كېلىپلا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئانىسى ئامىنە ئاغرىپ قالدى. بۇ يەردە بىر نەچچە كۈن دەم ئېلىپ، بىر ئاز ساقايغاندىن كېيىن يولغا چىقماقچى بولدى. لېكىن ئامىنىنىڭ كېسىلى كۈندىن كۈنگە ئېغىرلاشتى. ھەزرىتى ئۇممۇ ئەيمەن بىر تەرەپتىن ئامىنىگە خىزمەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قاراپ، كۆزىنى ئۇنىڭدىن ئايرىمايتتى. ئانىسىنىڭ بېشىدا ئولتۇرغان ئىككى دۇنيا قۇياشى ۋە كەلگۈسى پەيغەمبەر، ئانىسىنىڭ قاتتىق قىيىنىلىۋاتقانلىقىغا قاراپ يىغلايتتى. ئانامدىن ئايرىلىدىغان بولدۇم، دەپ قايغۇراتتى. مېھرىبان ئانا ھەزرىتى ئامىنەمۇ ئۆزىنىڭ ئاغرىقىنى ئۇنتۇپ بالام يېتىم قالىدىغان بولدى، دەپ سۆيۈملۈك ئوغلىنى ئويلايتتى. ئاغرىقى يامانلىشىپ، كېسىلى ئېغىرلىشىۋاتاتتى.

ھەزرىتى ئامىنە ئوغلىدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ: «ئى مۇبارەك ئوغۇل! ئى دۇنياغا بىر قونۇپ، ئۇچۇپ كەتكەن كەپتەر–ئابدۇللاھنىڭ- ئوغلى! داداڭ چەك تاشلانغان كۈنى ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن قۇربانلىق قىلىنىشتىن قۇتۇلۇپ قالغان ئىدى.

ئوغلۇم! ھەر بىر جانلىق ئۆلىدۇ، ھەر بىر يېڭى نەرسە كونىرايدۇ، ھەر بىر گۈل قۇرۇيدۇ، مانا مەنمۇ ئۆلۈپ كېتىۋاتىمەن» دېدى ۋە ئوغلىنى ئاۋۋال ئاللاھقا ئاندىن ئۇممۇ ئەيمەنگە ئامانەت قىلىپ دۇنياغا كۆزىنى يۇمدى. ئانىسىنىڭ قورسىقىدا تۇرۇپ دادىسىدىن ئايرىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 6-5 ياشلىرىدا ئانىسىدىنمۇ ئايرىلىپ پۈتۈنلەي يېتىم بولدى.

ھەزرىتى ئامىنە دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن 6-5 ياشلىرىدىكى بالا-مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەككىگە ئېلىپ بېرىش ھەزرىتى ئۇممۇ ئەيمەنگە قالغان ئىدى.

ھەزرىتى ئۇممۇ ئەيمەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىر تۆگىگە مىندۈرۈپ، ئۆزى بىر تۆگىگە مىنىپ، چۆل-داۋانلار ئېشىپ، تاغۇ-تاشلاردىن ئۆتۈپ، مىڭبىر مۇشەققەتتە مەككىگە يېتىپ كېلىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بوۋىسى ئابدۇلمۇتتەلىبكە ساق-سالامەتتاپشۇردى.

ھەزرىتى ئۇممۇ ئەيمەن جېنىدىن بەكرەك ياخشى كۆرىدىغان ئوغلى–پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چوڭ بولۇپ تۇرمۇش قۇرغۇچىلىك، ئۇنىڭغا ئۆز ئانىسىدەك خىزمەت قىلدى ۋە پىداكارلىق كۆرسەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىن بۇ پىداكار باققۇچىسىنى ھەرگىز ئۇنتۇمىدى. ئۇنى ھەر دائىم يوقلاپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا بىر بالىنىڭ ئانىسىغا كۆرسىتىدىغان ھۆرمەت ۋە شەپقەتنىڭ ھەممىنى كۆرسەتتى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغاندا، ئۇممۇ ئەيمەن ئۇنىڭغا دەسلەپ ئىشەنگەن ۋە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغانلاردىن بولدى ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشتا يالغۇز قويمىدى. ھەزرىتى ئۇممۇ ئەيمەن رەزىيەللاھۇ ئەنھا دەسلەپكى مۇسۇلمانلار تارتقان دەرد-ئەلەم ۋە قىيىنچىلىقلارنى تارتتى. ئۇ مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. مەدىنىدە ئىسلامىيەتنىڭ كۈچلىنىشى ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن خىزمەتلەرنى كۆرسەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن ھەزرىتى ئۇممۇ ئەيمەن رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئېرى ۋاپات بولدى. ئۇممۇ ئەيمەن تۇل قالدى. جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر تۈرلۈك جاپا-مۇشەققەت، نامراتلىق ۋە باشقا قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ كېلىۋاتقان بۇ پىداكار ئانىنىڭ يالغۇز قېلىشىنى خالىمىدى. بىركۈنى ساھابىلەر بىلەن ئولتۇرغاندا «جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىر ئايال بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشنى خالىغان كىشى ئۇممۇ ئەيمەننى نىكاھىغا ئالسۇن» دېدى. ھەزرىتى ئۇممۇ ئەيمەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغاندا خۇشاللىقىدىن كۆز ياشلىرىنى تۇتالماي قالدى. چۈنكى جەننەت ئەھلىدىن بولۇش ئەڭ چوڭ بەختىيارلىقتۇر.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۇقىرىدىكى تەكلىپىنى بېقىۋالغان بالىسى ھەزرىتى زەيد ئىبنى ھارىسە قوبۇل قىلىپ، ئۇممۇ ئەيمەن رەزىيەللاھۇ ئەنھانى نىكاھىغا ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. ھەزرىتى زەيد تېخى ئۆيلەنمىگەن ياش يىگىت ئىدى. ئۇممۇ ئەيمەنگە ئوخشاش ياشانغان بىر ئايالنى نىكاھىغا ئېلىشنى تەلەپ قىلىشى پەقەت رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى خۇرسەن قىلىش ئۈچۈن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پىداكار ئانىنى ياش ساھابە زەيدقا نىكاھلاپ بەردى. بۇ ئىككى زاتتىن ئىسلامنىڭ ئەڭ ياش قوماندانى ھەزرىتى ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دۇنياغا كەلدى.

ھەزرىتى ئۇممۇ ئەيمەن رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىدىغان، سەۋرچان زات ئىدى. ئەڭ قىيىن

ئەھۋالدىمۇ مەيۈسلەنمەيتتى، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىنىڭ چوقۇم كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا رەۋاھە دېگەن يەرنىڭ يېقىنىدا ئارام ئالغان ئىدى. قاتتىق ئۇسساپ كەتتى، يېنىدا بىر يۇتۇم سۇ قالمىغان ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ، ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشەنچىسى مۇستەھكەم ئىدى. ئۇ شۇنداق ھالسىراپ كەتكەن بىر ھالەتتە ئىكەن ئاسماندىن ئاق ئارغامچىغا باغلانغان بىر چېلەكنىڭ ئالدىغا ساڭگىلاپ چۈشكەنلىكىنى كۆردى. دەرھال بېشىنى كۆتۈرۈپ چېلەككە قارىدى، چېلەك سۈپ سۈزۈك ۋە مۇزدەك سۇ بىلەن توشقان ئىكەن، ئۇ سۇنى قانغىچە ئىچتى. ئۇسسۇزلۇقى قېنىپ راھەت ئالدى. ھەزرىتى ئۇممۇ ئەيمەن بۇ ۋەقەنى بايان قىلغاندىن كېيىن، «مەن ئۇ سۇنى ئىچكەندىن كېيىن ھەرگىز ئۇسسۇزلۇق ھېس قىلمىدىم» دەيدۇ.

ھەزرىتى ئۇممۇ ئەيمەن سۆزگە ئۇستا، جاسارەتلىك، قەھرىمان ئايال ئىدى. ھاياتىنى ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ يولىغا ئاتىۋەتكەن ئىدى. ئوھۇد غازىتىغا قاتناشقان بولۇپ، مۇسۇلمانلار مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا، ساھابىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھنى تاشلاپ قېچىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆردى. ئۇ قېچىۋاتقانلارنى توختىتىپ: «بۇ يەردە يىك بار، سىلەر ئۇنىڭ بىلەن يىپ ئىگىرىڭلار، قىلىچىڭلارنى ماڭا بېرىڭلار، مەن ئاياللار بىلەن بىرگە جەڭ قىلاي» دەپ، قاچقانلارنى ئەيىبلىدى. ھەزرىتى ئۇممۇ ئەيمەن ئوھۇد كۈنى باشقا ئاياللار بىلەن بىرلىكتە سۇ توشىدى، يارىلانغانلارنىڭ يارىسىنى تاڭدى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدىن قەتئىي ئايرىلمىدى.

ھەزرىتى ئۇممۇ ئەيمەن رەسۇلۇللاھ خۇشال بولسا تەڭ

خۇشال بولاتتى، قايغۇرسا تەڭ قايغۇراتتى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كېسەل بالىنى قۇچىقىغا ئالدى. بالا قاتتىق كېسەلدىن قىيىنىلىۋاتاتتى، رەسۇلۇللاھ بالىغا ئىچ ئاغرىتىپ كۆزلىرىدىن ياش ئېقىتتى. بۇنى كۆرگەن ئۇممۇ ئەيمەن يىغلاشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «نىمىشقا يىغلايسىز؟» دېدى. ئۇ : «ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى يىغلىغان يەردە، مەن قانداق يىغلىمايمەن؟» دېدى.

ھەزرىتى ئۇممۇ ئەيمەن رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەلبىدە ئالاھىدە بىر ئورنى بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا بەزىدە چاقچاق قىلىپ قوياتتى، لېكىن ئۇنى رەنجىتمەيتتى. بىر كۈنى ئۇممۇ ئەيمەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ماڭا مىنىش ئۈچۈن بىر ئۇلاغ بەرگىن» دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىزنى تۆگىنىڭ بالىسىغا مىندۇرىمەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىدىكى نازۇك نۇقتىنى چۈشىنەلمىگەن ئۇممۇ ئەيمەن: «تۆگىنىڭ بالىسى مېنى كۆتۈرەلمەيدۇ، مەن سەندىن تۆگىنىڭ بالىسىنى تەلەپ قىلمىدىم» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:«سىزنى تۆگىنىڭ بالىسىغا مىندۇرىمەن» دېدى. ھەزرىتى ئۇممۇ ئەيمەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى جىددى گەپ قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى. ھالبۇكى رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا چاقچاق قىلغان ئىدى. ھەر بىر تۆگە يەنە بىر تۆگىدىن تۇغۇلىدىغان بولغاچقا، ھەر قانچە چوڭ بولسىمۇ ئانىسىنىڭ بالىسى ئەمەسمۇ؟

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەزرىتى

ئۇممۇ ئەيمەننى پات-پات زىيارەت قىلىپ، يوقلاپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى. بۇ بولسا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇممۇ ئەيمەننى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھەزرىتى ئۇممۇ ئەيمەن رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۆز بالىسىدەك بېقىپ چوڭ قىلغانلىقى ئۈچۈن، بەزىدە ئۆز بالىسىغا ئاچچىقلىغاندەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا غەزەپ بىلەن سۆز قىلاتتى. لېكىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ سۆزىنى ھەرگىز ئېغىر ئالمايتتى. ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە ھەزرىتى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇممۇ ئەيمەننى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ماڭدى، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە باردىم. ئۇممۇ ئەيمەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىچىملىك تەقدىم قىلدى، بىلمىدىم رەسۇلۇللاھ روزا تۇتىۋالغانمۇ ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ، ئۇممۇ ئەيمەن سۇنغان قاچىنى ئالمىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ئىشىغا قاتتىق غەزەپلەنگەن ئۇممۇ ئەيمەن رەسۇلۇللاھقا ۋارقىراپ، ئاچچىق بىلەن بىر مۇنچە گەپلەرنى قىلدى.»

ھەزرىتى ئۇممۇ ئەيمەن رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىلىم ئۆگىنىشكە ۋە ئۆگىتىشكە بەك ئەھمىيەت بېرەتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات قىلغاندىن كېيىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە ۋاقتىدا، بىر كۈنى ئەبۇ بەكرى ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، «يۈر، ئۇممۇ ئەيمەننى زىيارەت قىلىپ كېلەيلى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ئۇنى پات-پات زىيارەت

قىلالىتتى» دېدى. ئۇلار ئۇممۇ ئەيمەننىڭ ئۆيىگە باردى، ئۇممۇ ئەيمەن ئۇلارنى كۆرۈپ يىغلاپ كەتتى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر: «نېمىشقا يىغلايسىز، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇچۇن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بولۇش ياخشىراق ئەمەسمۇ؟» دېدى. ئۇممۇ ئەيمەن: «مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بولۇشىنىڭ ياخشىراق ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكىم ئۇچۇن يىغلاۋاتمايمەن، مەن ئاسماندىن كېلىدىغان ۋەھيىنىڭ توختاپ قالغانلىقى ئۇچۇن يىغلاۋاتىمەن» دېدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ۋە ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنى قاتتىق ھاياجانلاندۇردى ۋە ئۇلارمۇ يىغلىشىپ كەتتى. بۇ ئۇلۇغ ئايالنىڭ ئىمانىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلۇقىنى ۋە نەزەر دائىرىسىنىڭ نەقەدەر كەڭلىكىنى كۆردىڭىزمۇ؟

تارىخ مەنبەلىرىنىڭ بايان قىلىشىچە, ئۇممۇ ئەيمەن ناھايىتى ئۆتكۈر پىكىرلىك، يىراقنى كۆرەلەيدىغان زات ئىدى. ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن كۈنى ئۇممۇ ئەيمەن ناھايىتى كۆپ يىغلىدى. نېمىشقا مۇنچە يىغلايسىز؟ دەپ سورىغانلارغا «بۈگۈن ئىسلام ئاجىزلاشتى» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزى شۇنچىلىك جايىدا ئېيتىلغان سۆز ئىدىكى، ئۇ كۈندىن بۈگۈنگىچە ئىسلام ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدىكى كۈچىگە ئېرىشەلمىدى.

ئاللاھ تائالا ھەزرىتى ئۇممۇ ئەيمەن رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلغان ئىدى. ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولۇپ ئازغىنە مۇددەتتىن كېيىن بۇ ئۇلۇغ ئايال، ئەڭ ئۇلۇغ پەيغەمبەرنىڭ خىزمەتكارى ۋە ئەڭ ياش

ئىسلام قوماندانى ھەزرىتى ئۇسامە ئىبنى زەيدنىڭ ئانىسى پانىيى دۇنياغا كۆزىنى يۇمدى.

ئاللاھ تائالا ھەزرىتى ئۇممۇ ئەيمەن ۋە باشقا بارلىق ساھابە كىراملاردىن رازى بولسۇن. مۇسۇلمان ھەدە-سىڭىللىرىمىزنى بۇ زاتلارنىڭ يولىدىن مېڭىپ، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشىنى نېسىپ قىلسۇن، ئامىين!

# ئەبۇلەھەبنىڭ بىېشىنى يېرىۋەتكەن ئايال ھەزرىتى لۇبابە

ھەزرىتى لۇبابە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئىمانلىق قېرىنداش قىزلار» دەپ ماختىشىغا ئېرىشكەن قىزلارنىڭ بىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ھەزرىتى مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ھەزرىتى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ بىلىملىك كىشىسى ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمانى دەپ ئاتالغان مەشھۇر ساھابە ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئانىسىدۇر.

ھەزرىتى لۇبابە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ دادىسى ھارىس ئىبنى ھەزن، ئانىسى ھىند بىنتى ئەۋف بولۇپ، ھەممىسى مۇسۇلمان بولغان ئۇلۇغ زاتلاردۇر.

ھەزرىتى لۇبابە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بىرىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى پەزل بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇممۇ پەزلى دەپ مەشھۇر بولغاندۇر.

ھەزرىتى لۇبابە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىېشىنى يۇيۇپ چېچىنى تاراپ قويغان ئىدى. بۇ شەرەپ ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ئايالغا نېسىپ بولغان ئەمەس.

ھەزرىتى لۇبابە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئېرى ھەزرىتى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەدرى غازىتىدا مۇسۇلمان بولغان. ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇش ۋەقەسى مۇنداق: ھەزرىتى ئابباس مەككە مۇشرىكلىرى بىلەن بىرلىكتە بەدرىگە كەلگەن ۋە ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئەسىر چۈشكەن ئىدى. ئۇرۇشتا ئەسىر چۈشكەنلەر پىدىيە بېرىپ قۇتۇلۇپ كەتسە بولىدۇ، دېگەن قارار چىقىرىلغاندىن كېيىن، ھەزرىتى ئابباستىن پىدىيە تەلەپ قىلىندى. ئاببىاس مېنىڭ پىدىيە بېرىدىغان پۇلۇم يوق دەپ تۇرىۋالدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: «ئايالىڭ ئۇممۇ پەزلىنىڭ يېنىدا مۇنچىلىك پۇلنى يوشۇرۇپ قويدۇڭ ئەمەسمۇ؟» دېدى. بۇ ئايالىم بىلەن ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان بىر سىر ئىدى، سەن ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئىكەنسەن، دەپ مۇسۇلمان بولدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەزرىتى ئابباسنى مەككىگە قايتىپ كېتىشنى، مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ھېچكىمگە ئۇقتۇرماسلىقنى، مەككىدىكى ئەھۋالدىن خەۋەر بېرىپ تۇرۇشنى بۇيرىدى.

بىر كۈنى ھەزرىتى لۇبابە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېرىگە: «مۇسۇلمانلار يەسرىبكە (يەنى مەدىنىگە) ھىجرەت قىلىپ بولدى، بىزمۇ ھىجرەت قىلمايمىزمۇ؟» دېدى. ھەزرىتى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى مەككىدە تۇرۇپ خەۋەر يەتكۈزۈشكە تەيىنلىدى. ئۇ ماڭا رۇخسەت بەرمىگىچە مەن ھىجرەت قىلالمايمەن» دېدى.

ھەزرىتى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەت يېزىپ، مەدىنىگە ھىجرەت

قىلىشقا رۇخسەت تەلەپ قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا جاۋابەن يازغان خېتىدە: «ئى تاغا! مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىم ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرلىك بولغاندەك، سېنىڭ ھىجرىتىڭمۇ ئەڭ ئاخىرقى ھىجرەت بولىدۇ» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى لۇبابە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئوغلى ئابدۇللاھنى ئېلىپ، مەدىنىگە ھىجرەت قىلىدۇ ۋە ئاببا‌س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىدە قېلىپ قالىدۇ.

ھەزرىتى لۇبابە رەزىيەللاھۇ ئەنھا جاسارەتلىك، ھەق يولىدا ھېچكىمدىن قورقمايدىغان ئايال ئىدى. بەدرى غازىتىدا كاپىرلار قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ۋە كاپىرلارنىڭ چوڭلىرى ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. بۇ خەۋەر مەككىگە كەلگەندە، مەككىدىكى مۇشرىكلار ناھايىتى قايغۇرۇپ بىئارام بولۇپ كەتتى. كاپىرلارنىڭ مەغلۇب بولغانلىقىغا قاتتىق بىئارام بولغانلارنىڭ ئىچىدە ئەبۇ لەھەبمۇ بار ئىدى. ھەزرىتى ئابباسنىڭ قۇلى ئەبۇ رافى ئەبۇ لەھەبكە كاپىرلارنىڭ يېڭىلگەنلىك خەۋىرى كەلگەن يەردە بار ئىدى. ئۇمۇ بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان ۋە مۇسۇلمانلىقىنى يوشۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. كاپىرلارنىڭ يېڭىلگەن ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىنى يوشۇرالماي قالدى. بۇنى كۆرگەن ئەبۇ لەھەب، ئەبۇ رافىنى مۇھەممەدنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىغا خۇش بولۇۋاتامسەن، دەپ قاتتىق ئۇرۇپ كەتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن لۇبابە رەزىيەللاھۇ ئەنھا زۇلۇمغا چىداپ تۇرالماي، ئۆيىنىڭ تۈۋرۈكلىرىدىن بىرىنى قومۇرۇپ ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئەبۇ لەھەبنىڭ بېشىغا بىرنى قويۇپ، ئۇ كاپىرنىڭ بېشىنى يېرىۋەتتى ۋە «سەن بۇ بىچارىنى خوجايىنى يوق، دەپ بوزەك

قىلىۋاتامسەن؟!» دەپ ۋارقىرىدى. ئەبۇ لەھەبنىڭ بېشى ساقايماي ناھايىتى سېسىق پۇرايدىغان بىر يارىغا ئايلاندى ۋە يەتتە كۈندىن كېيىن ئۆلدى. ئۇ قاتتىق پۇراپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن باللىرى ئۇنىڭغا يېقىن كەلمەي تاشلىۋەتتى. كېيىن باللىرى كىشىلەرنىڭ دادىسىنىڭ جەسىتىنى دەپنە قىلىشتىن قاچتى دەپ تەنە قىلىشىدىن قورقۇپ، بىر ئازگال كولاپ، ئەبۇ لەھەبنىڭ جەسىتىنى ئۇزۇن تاياقلار بىلەن ئىتتىرىپ، ئازگالغا تاشلىدى ۋە يىراقتىن تاش ئېتىپ، ئازگالنى تولدۇردى.

ھەزرىتى لۇبابە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەنھا ھەققىدە مۇنۇ ئايەتلەر نازىل بولغان: ﴿وَمَا لَكُمْ لَا تُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَٱلْمُسْتَضْعَفِينَ مِنَ ٱلرِّجَالِ وَٱلنِّسَآءِ وَٱلْوِلْدَٰنِ ٱلَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَآ أَخْرِجْنَا مِنْ هَٰذِهِ ٱلْقَرْيَةِ ٱلظَّالِمِ أَهْلُهَا وَٱجْعَل لَّنَا مِن لَّدُنكَ وَلِيًّا وَٱجْعَل لَّنَا مِن لَّدُنكَ نَصِيرًا﴾ **«(ئى مۇئمىنلەر!) سىلەرگە نېمە بولدىكى، ئاللاھنىڭ يولىدا جىھات قىلمايسىلەر ۋە (دۇئا قىلىپ): <ئى پەرۋەردىگارىمىز! بۇ ئاھالىسى زالىم شەھەردىن بىزنى چىقارغىن، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنى مۇيەسسەر قىل، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر مەدەتكارنى مۇيەسسەر قىل> دەيدىغان ئاجىز ئەرلەر، ئاجىز ئاياللار ۋە باللارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىھات قىلمايسىلەر.»**[12]

ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئانام بىلەن مەن بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ئاجىزلاردىن ئىدۇق» دەيدۇ.

12 نىسا سۈرىسى: 75- ئايەت.

ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەتنى مۇنداق چۈشەندۈردۇ: زالىملارنىڭ قولىدا قالغان، قۇتۇلۇشقا تىرىشقان بولسىمۇ چارە تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن قۇتۇلالمىغان مۇئمىن مۇسۇلمانلارغا قاراپ تۇرماستىن، ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن غەيرەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.

يەنە بىر ئايەت: ﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ تَوَفَّىٰهُمُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ ظَالِمِيٓ أَنفُسِهِمۡ قَالُواْ فِيمَ كُنتُمۡۖ قَالُواْ كُنَّا مُسۡتَضۡعَفِينَ فِي ٱلۡأَرۡضِۚ قَالُوٓاْ أَلَمۡ تَكُنۡ أَرۡضُ ٱللَّهِ وَٰسِعَةٗ فَتُهَاجِرُواْ فِيهَاۚ فَأُوْلَٰٓئِكَ مَأۡوَىٰهُمۡ جَهَنَّمُۖ وَسَآءَتۡ مَصِيرًا ۝ إِلَّا ٱلۡمُسۡتَضۡعَفِينَ مِنَ ٱلرِّجَالِ وَٱلنِّسَآءِ وَٱلۡوِلۡدَٰنِ لَا يَسۡتَطِيعُونَ حِيلَةٗ وَلَا يَهۡتَدُونَ سَبِيلٗا﴾ **«ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى ھىجرەت قىلىشقا كۈچى يىتىپ تۇرۇپ، ھىجرەتنى تەرك ئېتىپ كۇپپارلار بىلەن بىللە تۇرغۇچىلار) نىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا، پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: <(دىنىڭلارنىڭ ئىشىدا) قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار؟> دەپ سورايدۇ. ئۇلار: <زېمىندا (يەنى مەككە زېمىنىدا) بىز (دىنىنى بەرپا قىلىشتىن) بوزەك قىلىنغان ئىدۇق> دەيدۇ. پەرىشتىلەر: <ھىجرەت قىلساڭلار ئاللاھنىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى؟> دەيدۇ. ئەنە شۇ (ھىجرەت قىلمىغان) لارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر. جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي! پەقەت ئەرلەردىن ئاياللاردىن، بالىلاردىن چارىسىز قالغان (يەنى ھىجرەت قىلىشقا چارە تاپالمىغان)، يول بىلمەيدىغان ئاجىزلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا (يەنى ئۇلار ھىجرەت قىلمىغانلىقلىرى ئۈچۈن جازالانمايدۇ).»**[13]

13 نىسا سۈرىسى: 97-98 ئايەتلەر.

ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە ھەزرىتى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن، «ئانام بىلەن مەن بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغانلاردىن ئىدۇق. ئانام ئاللاھ تائالا ئەپۇ قىلغان ئاياللاردىن، مەن باللاردىن ئىدىم» دېگەن.

**ھەزرىتى لۇبابە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر:**

ئىمام بۇخارى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئەرەپلەر كۆنى مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ روزا تۇتۇپ تۇتمىغانلىقى ھەققىدە گۇمانلىنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى لۇبابە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىر ئىستاكان سۈتنى ئېلىپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۇندى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەرەپات تېغىدا تۇرۇپ دۇئا قىلىۋاتقان پەيتتە ھېلىقى سۈتنى ئىچتى. شۇنىڭ بىلەن بارلىق مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ روزا تۇتمىغانلىقىنى كۆردى.

ھەزرىتى لۇبابە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ئەلىنىڭ ئوغلى ھەسەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇچىقىدا ئولتۇراتتى. ئۇ ئولتۇرۇپ رەسۇلۇللاھنىڭ كۆڭلىكىگە سىيىۋەتتى. مەن يۈگۈرۈپ بېرىپ: يا رەسۇلۇللاھ! باشقا كۆڭلەك كىيسىلە، بۇ كىيىملىرىنى ماڭا بەرسىلە، مەن يۇيۇپ بېرەي، دېدىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قىز بالىنىڭ سىيدۈكى بولغان بولسا يۇيۇش لازىم ئىدى، بۇ ئوغۇل بالىنىڭ سىيدۈكىگە ئۈستىدىن سۇ ئېقىتىۋەتسەك پاك بولىدۇ» دېدى.

ھەزرىتى لۇبابە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ناماز شامنىڭ بىرىنچى رەكئىتىدە «ۋەلمۇرسىلاتى ئۇرفەن» دېگەن سۈرىنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن ۋاپات بولغىچە بىزگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇمىدى.

**ھەزرىتى لۇبابە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەققىدە ئېيتىلغان مەدھىيىلەر:**

ئەبۇ ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: «ھەزرىتى لۇبابە نادىر ئاياللاردىن ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى پات - پات زىيارەت قىلاتتى.» ئىبنى ئابدۇل بىر رىۋايىتى.

شائىرلاردىن ئابدۇللاھ ئىبنى يەزىد ھىلالى مۇنداق دەيدۇ: «ھېچبىر ئايال ئۇممۇ پەزلى تۇغقان 6 بالىغا ئوخشاش بالا تۇغمىدى. ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ ھەممىسى ئېسىل، مۇكەممەل، ئالى جاناب كىشىلەر بولدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ دادىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاغىسى پەزىلەتلىك زات ئابباستۇر. رەسۇلۇللاھ بولسا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ۋە ئەڭ ئەۋزىلىدۇر.»

**ھەزرىتى لۇبابە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ سۆزلىرىدىن تاللانمىلار:**

مەن ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يالغۇز تاشلاپ قويمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

پەيغەمبەرلەرگە قاتمۇ قات ئەجىر - مۇكاپات بېرىلگەندەك، بالا - مۇسىبەتلەرمۇ قاتمۇ قات بېرىلىدۇ.

**ھەزرىتى لۇبابە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىس رىۋايەت قىلىشى:**

ئالتە ھەدىس كىتابىدا ھەزرىتى لۇبابە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلغان بىر نەچچە ھەدىسلەر بار. ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كۆپلىگەن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئىمام بۇخارى بىلەن ئىمام مۇسلىم ھەزرىتى لۇبابە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە ئىتتىپاقلاشقان. ئۇنىڭ ئوغلى ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئاباس، ھەزرىتى ئەنەس ئىبنى مالىك، ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىس ئىبنى نەۋفەل ۋە ئۇمەير ئىبنى ھارىس قاتارلىق زاتلار لۇبابە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ھەدىس رىۋايەت قىلغاندۇر.

ھەزرىتى لۇبابە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۈچىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە ۋاپات بولغاندۇر.

ئاللاھ تائالا ھەزرىتى لۇبابە ۋە باشقا بارلىق ساھابە كىراملاردىن رازى بولسۇن، بىزلەرنى بۇ ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت-سائادىتىگە ئېرىشكىلى نېسىپ قىلسۇن. ئامىين.

# ئىككى بەلۋاغ ئىگىسى ھەزرىتى ئەسما

تارىخچىلار بۇ زاتنى: «ئەسما يۈز ياشقا كىرگەندىمۇ بىر دانە چىشى چۈشمىگەن ۋە ئەقلى ئاجىزلاشمىغان» دەپ سۆيەتلەيدۇ.

ھەزرىتى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەر تەرىپىدىن ئۇلۇغلۇق يىغىپ تۇرىدىغان ئىسىل ئايالدۇر. ئۇنىڭ دادىسى ساھابە، بوۋىسى ساھابە، سىڭلىسى ساھابە، ئېرى ساھابە ۋە ئوغلى ساھابە. بۇنىڭدىن ئۇلۇغ شەرەپ ۋە پەخىر بولامدۇ؟!

ئۇنىڭ دادىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئەڭ يېقىن دوستى، ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى بىرىنچى خەلىپىسى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر.

بوۋىسى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دادىسى ئەبۇ قۇھافە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر.

سىڭلىسى مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادۇر.

ئېرى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەخسۇس ياردەمچىسى ھەزرىتى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر.

ئوغلى قەھرىمانلار سەردارى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر.

ھەزرىتى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا دەسلەپ مۇسۇلمان بولغانلاردىن ئىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئەر-ئايال بولۇپ ئاران 17 كىشى مۇسۇلمان بولغان.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ غاردا يوشۇرۇنۇپ تۇرغاندا، بىر قاچىدا تاماق ئېلىپ، بىر قاچىدا سۇ ئېلىپ، بەلۋېغىنى ئىككى پارچە قىلىپ، بىرىگە تاماق ئالغان قاچىنى بىرىگە سۇ ئالغان قاچىنى باغلاپ غارغا ئېلىپ كەلگەن. شۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا «زاتۇننىتاقەين» يەنى ئىككى بەلۋاغلىق دېگەن ۋە ئاللاھ جەننەتتە ئىككى بەلۋاغ ئاتا قىلسۇن، دەپ دۇئا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ زاتۇننىتاقەين دەپ ئاتالغان.

ھەزرىتى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەزرىتى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ياتلىق بولغان. ھەزرىتى زۇبەير نامرات يىگىت بولۇپ، بىر ئاتتىن باشقا يا خىزمەتچى يا مال-مۈلۈك ھېچنەرسىسى يوق ئىدى. ھەزرىتى ئەسما ئۇنىڭغا ياخشى خوتۇن بولۇپ خىزمىتىنى قىلدى، ئېتىغا ھەلەپ ئېتىپ بېرىپ باقتى. كېيىن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا مال-مۈلۈك ئاتا قىلىپ باي بولۇپ قالدى.

ھەزرىتى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە ھىجرەت قىلىدىغان چاغدا، ئۇ ھامىلە بولۇپ ئاي كۈنى يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالى ئۇنى بۇنداق ئۇزۇن ۋە قىيىن سەپەردىن توسيالمىدى. ئۇ تۇغۇش ئالدىدا تۇرۇپمۇ سەپەرنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ يولغا چىقتى. مەدىنىگە يېقىنلىشىپ

قۇبا دېگەن جايغا كەلگەندە تۇغدى. بۇنىڭغا ناھايىتى خۇشال بولغان ساھابىلەر «ئاللاھۇ ئەكبەر» سادالىرىنى ياڭراتتى. چۈنكى بۇ مۇھاجىرلارنىڭ مەدىنىدە تۇغۇلغان بىرىنچى بالىسى ئىدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ قۇچىقىدا قويدى، ئۇنىڭ ئاغزىغا تۇكۇرۇكىنى قويدى، ئاندىن ئۇنى ئېغىزلاندۇردى، ئاندىن ئۇنىڭغا ئابدۇللاھ، دەپ ئىسىم قويۇپ دۇئا قىلدى. ئابدۇللاھنىڭ قورسىقىغا بىرىنچى كىرگەن نەرسە رەسۇلۇللاھنىڭ ئاغزىنىڭ سۈيى بولدى.

ھەزرىتى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا نادىر ئەرلەردە تېپىلىدىغان ئۆتكۈر ئەقىل، ياخشى خىسلەت ۋە ئېسىل سۈپەتلەرنى ئۆزىدە جۇغلىغان، سېخىيلىقى تىللارغا داستان بولغان زات ئىدى. ئوغلى ئابدۇللاھ: «مەن ھاممام ئائىشە بىلەن ئانامدىن باشقا، ئۇلاردەك سېخىيلىق قىلىدىغان ئايالنى كۆرمىدىم. ئۇلارنىڭ سېخىلىقى پەرقلىق ئىدى. ھاممام بولسا نەرسىلەرنى جۇغلاپ، بىر نەچچە كىشىگە يەتكۈدەك بولغاندا ھەممىنى تارقىتىپ بېرەتتى. ئانام بولسا قولىغا كىرگەن نەرسىنى ئەتىگە قالدۇرماي بېرىۋېتەتتى.» دەيدۇ.

ھەزرىتى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆتكۈر ئەقلى بىلەن قىيىن ئەھۋاللارنى ئاسان ھەل قىلاتتى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ بىلەن ھىجرەت قىلغاندا، ئۆيىدە باللىرىغا ھېچنەرسە قالدۇرماي بارلىق پۇلىنى ئېلىپ كەتكەن ئىدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ دادىسى ئەبۇ

قۇھافە ئوغلىنىڭ مەككىنى تاشلاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدى. بۇ چاغدا ئۇ تېخى كاپىر ئىدى. ئۇ ئەسماغا: «داداڭلار سىلەرنى دادىسىز قويغاندەك پۇلسىز قويۇپتۇ دە،» دېدى. ئەسما ئۇنىڭغا: «ياق، دادام بىزگە جىق پۇل قويۇپ كەتتى» دېگەندىن كېيىن، تامدىكى پۇل قويىدىغان تەكچىگە بىر مۇنچە ئۇششاق تاش بىلەن لاتىلارنى تىقىپ قويۇپ، بوۋىسىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ كېلىپ ـ ئۇ ئەما كىشى ئىدى ـ مانا تۇتۇپ بېقىڭ، جىق پۇل بار، دېدى. بوۋىسى ئۇنداق بولسا ياخشى قىلىپتۇ، دېدى ـ تەكچىدىكى نەرسىلەرنى سىلاپ.

ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى، بىرى قېرى بوۋىسىنىڭ كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزۇش، يەنە بىرى بوۋىسى بولسىمۇ كاپىرنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلماسلىق ئۈچۈن ئىدى.

تارىخ ھەزرىتى ئەسمانىڭ پۈتۈن ياخشىلىق ۋە خىزمەتلىرىنى ئۇنتۇسىمۇ، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ بىلەن ئاخىرقى ئۇچراشقان ۋاقىتىدىكى ئۆتكۈر ئەقلى، مۇستەھكەم ئىرادىسى ۋە كۈچلۈك ئىمانىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ.

يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنى خەلىپە سايلاپ بەيئەت قىلدى. سەئۇدى ئەرەبىستان، مىسىر، ئىراق، خۇراسان ۋە شام مەملىكەتلىرىنىڭ كۆپلىرى ئۇنىڭغا تەۋە بولدى. لېكىن بەنى ئۇمەييە جەمەتى ئۇنىڭغا قارشى ھەججاجنىڭ قوماندانلىقىدا ناھايىتى چوڭ ئەسكەر تەييارلاپ، ھۇجۇم قىلدى. ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇش بولدى. ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير بۇ ئۇرۇشتا مىسلىسىز قەھرىمانلىق

كۆرسەتتى. لېكىن ئۇنىڭ يېنىدىكى ئەسكەرلەر ئۇنى تاشلاپ كېتىشكە باشلىدى. ئۇ يېنىدا قالغان ياردەمچىلىرى بىلەن ھەرەمگە كىرىپ، ئۆزىنى كەبىنىڭ ھىمايىسىگە ئالدى.

لېكىن كەبىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمايدىغان ھەججاج قوشۇنلىرى ھەرەمگە بۆسۈپ كىرىشكە ئۇرۇندى. بۇ چاغدا ئابدۇللاھ ئانىسى بىلەن ۋىدالىشىش ئۈچۈن ھەزرىتى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىرىپ سالام بەردى. ھەزرىتى ئەسما: ھەججاجنىڭ مەنچەناقلىرىدىن ھەرەمدىكى ئەسكەرلىرىنىڭ بېشىغا تاش يېغىۋاتقان ۋە ئېتىلغان تاشلاردىن مەككىنىڭ ئۆيلىرى زىلزىلىگە كېلىۋاتقان بىر پەيتتە نېمە دەپ كەلدىڭ؟! دېدى.

ـ سىزگە مەسلىھەت سالاي، دەپ كەلدىم، دېدى ئابدۇللاھ.

ـ ماڭا مەسلىھەت سالامسەن؟ نېمە توغرىسىدا؟

ـ ئەسكەرلىرىمنىڭ بەزىسى ھەججاجدىن قورقۇپ، بەزىسى ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى تاما قىلىپ، مېنى تاشلاپ كەتتى. ھەتتا ئەۋلادلىرىمۇ مېنى تاشلاپ كەتتى. يېنىمدا ئازراق ياردەمچىلىرىم قالدى. ئۇلار ھەرقانچە قەھرىمانلىق كۆرسەتسىمۇ بىر، ئىككى سائەتتىن كۆپ پۇتتىرەپ تۇرالمايدۇ. بەنى ئۇمەييە قوشۇنى ماڭا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. ئەگەر قورال تاشلاپ، ئابدۇل مەلىك ئىبنى مەرۋانغا بەيئەت قىلسام، ماڭا نۇرغۇن مال مۈلۈك بېرىدىكەن. بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

ھەزرىتى ئەسما ئوغلىغا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: «بۇ سېنىڭ ئىشىڭ، سەن ئۆزەڭنى ئوبدان بىلىسەن. ئەگەر ئۆزەڭنى

ھەقىقەتەن ئۇستىدە ۋە ھەققە چاقىرىمەن دەپ ئىشەنسەڭ، سەۋر قىلغىن. بايرىقىڭ ئاستىدا ئۆلتۈرۈلگەن ھەمراھلىرىڭدەك، بەرداشلىق بېرىپ ئۇرۇشقىن. ئەگەر دۇنيا مەنپەئەتىنى ئىستىسەڭ، سەن ئەڭ يامان ئادەمسەن ۋە ھەم ئۆزەڭنى ھەم يېنىڭدىكى كىشىلىرىڭنى ھالاك قىلىسەن، دېدى.

ئابدۇللاھ: «لېكىن مەن بۈگۈن چوقۇم ئۆلتۈرۈلىمەن، دېدى. ئانىسى: ئۆلتۈرۈلگىنىڭ ئۆز ئىختىيارىڭ بىلەن ھەججاجغا تەسلىم بولۇپ، بېشىڭنى بەنى ئۇمەييە باللىرى توپ قىلىپ ئوينىغىنىدىن ياخشى، دېدى.

ئابدۇللاھ: مەن ئۆلۈمدىن قورقمايمەن. مېنىڭ قورقىدىغىنىم، بەدەنلىرىمنى كېسىپ شەكلىمنى ئۆزگەرتىشى، دېدى.

ئانىسى: ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن قورقىدىغان بىر ئىش يوق، بوغۇزلانغان قوينى تېرىسىنىڭ سويۇلۇشى ئاغرىتمايدۇ، دېدى.

ئابدۇللاھ خۇشاللىقتىن ئېچىلىپ: «سىز نېمىدېگەن ياخشى ئانا! خىسلىتىڭىز نېمىدېگەن ئېسىل! مەن بۇ يەرگە پەقەت مۇشۇ دېگەنلىرىڭىزنى ئاڭلاش ئۈچۈنلا كەلگەن. ئاللاھ بىلىدۇ، مەن قىلچە قورققىنىم ياكى بوشىشىپ قالغىنىم يوق، مېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىمنى دۇنيا مەنپەئەتى ئۈچۈن قىلمىغانلىقىمنى ۋە ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنىشىغا غەزەپلىنىپ ئاللاھ ئۈچۈن قىلغانلىقىمنى ئاللاھ بىلىدۇ. مانا مەن سىز ياخشى كۆرىدىغان ئىشقا ئاتلاندىم، ئەگەر ئۆلتۈرۈلسەم قايغۇرماڭ، ئىشىڭىزنى ئاللاھقا تاپشۇرۇڭ، دېدى.

ھەزرىتى ئەسما: ئەگەر ناھەق يولدا مېڭىپ ئۆلتۈرۈلسەڭ، ئۇ چاغدا قايغۇرىمەن، دېدى.

ئابدۇللاھ: «خاتىرجەم بولۇڭ! ئوغلىڭىز ھەرگىز يامان ئىش قىلغان ئەمەس، پاھىشە ئىشلارغا يېقىن كەلگەن ئەمەس، ئاللاھنىڭ ھۆكمىدىن چىققان ئەمەس، ئامانەتكە خىيانەت قىلغان ئەمەس، بىر مۇسۇلمانغا ياكى بىر زىممىغا زۇلۇم قىلىشنى ئويلىغان ئەمەس. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئاللاھ رازىلىقىدىن ئۈستۈن بىر نەرسە بولغان ئەمەس. مەن بۇ گەپلەرنى ئۆزەمنى ئاقلاپ دەۋاتىمەن، ئاللاھ مېنى مەندىن ياخشىراق بىلىدۇ. مەن پەقەت سىزنىڭ قەلبىڭىزگە سەۋر-تاقەت كىرگۈزۈش ئۈچۈن دەۋاتىمەن، دېدى.

ھەزرىتى ئەسما: «سېنى ئۆزى ۋە مەن ياخشى كۆرىدىغان يولدا قىلغان ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇن» دېدى. ئاندىن ئوغلۇم پۇرىقىڭنى پۇرىۋالاي، بەدىنىڭنى سىلىۋالاي، بۇ سەن بىلەن ئاخىرقى ئۇچرىشىشىم بولۇشى مۇمكىن، دېدى.

ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئېگىلىپ ئانىسىنىڭ قوللىرىنى، پۇتلىرىنى سۆيۈشكە باشلىدى. ئەسمامۇ ئوغلىنىڭ بۇرۇنلىرىنى، باشلىرىنى ۋە بويۇنلىرىنى پۇراپ سۆيدى. ئاندىن قولى بىلەن بەدەنلىرىنى سىلاپ، كەينىگە يېنىپ: بۇ كىيىۋالغىنىڭ نېمە؟ دېدى.

ـ بۇ مېنىڭ ساۋۇتۇم.

ـ ئوغلۇم! بۇ شېھىتلىقنى خالايدىغان كىشىنىڭ كىيىمى ئەمەس.

ـ مەن بۇنى پەقەت سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى ئارام ئالدۇرۇش

ئۇچۇن كىيدىم.

ـ بۇنى سىپىلىۋەتكىن، تېخىمۇ جاسارەتلىك، تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە تېز ھەرىكەت قىلىدىغان بولىسەن. بۇنىڭ ئورنىغا ئۇزۇن ئىشتان كىيىۋالغىن، يېقىلغان ۋاقتىڭدا ئەۋرىتىڭ ئېچىلىپ قالمىسۇن.

ئابدۇللاھ ساۋۇتىنى (يەنى تۆمۈر كىيىمىنى) سېلىۋېتىپ، ئۇزۇن ئىشتان كىيىپ، ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش ئۇچۇن ھەرەمگە ماڭدى. ئۇ ئانا ماڭا دۇئا قىلىشتىن توختاپ قالماڭ دېگىنىچە ھەرەمگە كىرىپ كەتتى.

ھەزرىتى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا قولىنى كۆتۈرۈپ: «پەرۋەردىگارىم! ئۇنىڭ كېچە نامازدا تۇرۇشلىرى ۋە ھەممە ئۇخلاۋاتقاندا تۇرۇپ يىغلاشلىرى ئۇچۇن رەھىم قىلغىن. پەرۋەردىگارىم! ئۇنىڭ مەككە-مەدىنىنىڭ يوللىرىدا ئاچ، سۇسىز تۇتقان روزىلىرى ئۇچۇن رەھىم قىلغىن. پەرۋەردىگارىم! ئۇنىڭغا ئاتا-ئانىسىغا قىلغان ياخشىلىقلىرى ئۇچۇن رەھىم قىلغىن. پەرۋەردىگارىم! مەن ئۇنى سېنىڭ ئەمرىڭگە تاپشۇردۇم، ئۇنىڭ ھەققىدىكى ھۆكمىڭگە رازى بولدۇم، ماڭا سەۋر قىلىشنى ۋە سەۋر قىلغۇچىلارنىڭ ساۋابىنى ئاتا قىلغىن، دەپ دۇئا قىلدى.

شۇ كۈنى كۈن ئولتۇرماي تۇرۇپ ئابدۇللاھ شاھادەت شەربىتىنى ئىچتى. ئۇنىڭ شېھىد بولغانلىقىغا ئون نەچچە كۈن بولغاندا ھەزرىتى ئەسما روھىنى ئاللاھقا تاپشۇردى. ئاللاھ تائالا ھەزرىتى ئەسما، ئوغلى ھەزرىتى ئابدۇللاھ ۋە باشقا پۈتۈن ساھابە كىراملاردىن رازى بولسۇن. قىيامەت كۈنى ئۇلارنى بىزگە شاپائەتچى قىلسۇن. ئامىين!

# ھىجرەت يولىدىكى ساھىبخان ئايال ھەزرىتى ئۇممۇ مەئبەد

ھەزرىتى ئۇممۇ مەئبەد رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھىجرەت يولىدىكى بىر مېھماندوست ئايال. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا، يولدا ئۇممۇ مەئبەدنىڭ چېدىرىدا ئارام ئالغان. ئۇممۇ مەئبەد رەسۇلۇللاھنى سۈت ۋە گۆش بىلەن مېھمان قىلغان بەختلىك ئايالدۇر.

ئۇممۇ مەئبەد مەككىنىڭ قۇدەيد دېگەن يېرىدە يول ئۈستىدە چېدىردا ياشايتتى. ئەسلى ئىسمى ئاتىكە ئىدى. ئۇممۇ مەئبەد دېگەن كۇنيەسى بىلەن تونۇلغاندۇر. دادىسىنىڭ ئىسمى خالىد ئىبنى خۇلەيف بولۇپ، خۇزائە قەبىلىسىگە مەنسۇپتۇر.

ئۇممۇ مەئبەد ئەقىللىق، ئىپپەتلىك ۋە كۈچلۈك بىر ئايال ئىدى. تاغىسىنىڭ ئوغلى تەمىم ئىبنى ئابدۇل ئۇززاغا ياتلىق بولغان ئىدى. مەككىگە يېقىن قۇدەيد دېگەن يەردە چۆلدە ياشايتتى. قوي باقاتتى. قولى ئوچۇق، سېخى بىر ئايال ئىدى. ئۇممۇ مەئبەد يولدىن ئۆتكەن مۇساپىرلارنى مېھمان قىلىپ يولغا سالىدىغان سېخى ئايال ئىدى. قەھەتچىلىك يۈز بەرگەن، قىيىن ۋاقىتلاردىمۇ بۇ ئادىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، يولۇچىلارنىڭ سۇ ۋە تاماق ئېھتىياجىنى قامدايتتى. ئىچىش ئۈچۈن سۈت، يېيىش ئۈچۈن گۆش ئىكرام قىلاتتى. ئۇنىڭ

بۇ گۈزەل ئەخلاقى ئىسلام نۇرى بىلەن شەرەپلىنىشكە سەۋەپ بولدى.

ئۇممۇ مەئبەد، كۈندۈزى چېدىرىنىڭ تېشىغا چىقىپ ئولتۇراتتى. مېھمان قىلىش ئۈچۈن يولدىن ئۆتكەنلەرنى كۈتەتتى. مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. رەسۇلۇللاھ، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ئامىر ئىبنى فۇھەيرە ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇرەيقىت يولدا ئۇممۇ مەئبەدنىڭ چېدىرىغا كەلدى. ئۇممۇ مەئبەد بۇ نۇر يۈزلۈك، مۇبارەك كىشىلەرنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. رەسۇلۇللاھ: «سۈتىڭىز بارمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇممۇ مەئبەد: ۋەللاھى سۈت يوق، دەپ جاۋاب بەردى. رەسۇلۇللاھ چېدىرنىڭ يېنىدا، ئورۇقلىقىدىن ماڭالماي قالغان كىچىك بىر قوينى كۆرۈپ، «بۇ قويدىن سۈت چىقامدۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇممۇ مەئبەد: ئورۇقلىقىدىن پادىلارنىڭ ئارقىسىدا قېلىپ قالغان قوي، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «بۇ قوينى سېغىشىمغا رۇخسەت قىلامسىز؟» دېدى. ئۇممۇ مەئبەد: ئەگەر ئۇنىڭدا سۈت تاپالىسىلا، ساغسىلا، دېدى ۋە قوينى تۇتۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» دەپ، قوينىڭ ئەمچىكىنى سىلاپ، «ئى ئاللاھىم! بۇ قوينى بەرىكەتلىك قىلغىن» دەپ دۇئا قىلدى. قوينىڭ ئورۇقلۇقتىن قورسىقىغا چاپلىشىپ قالغان ئەمچەكلىرى بىردىن يوغىناپ سۈتكە توشتى. رەسۇلۇللاھ قاچا ئېلىپ كېلىشنى بۇيرىدى. رەسۇلۇللاھ مۇبارەك قولى بىلەن قوينى سېغىپ چوڭ بىر قاچىنى تولدۇرۇپ، ئۇممۇ مەئبەدكە تەڭلەپ، «بۇنى ئىچىڭ»

دېدى. ئۇممۇ مەئبەد: سىلە ئىچسىلە، چۈنكى ئۇنىڭغا سىلە لايىق، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «قەۋمىگە سۇ بەرگۈچى ئەڭ ئاخىرىدا ئىچىدۇ» دەپ قاچىنى ئۇممۇ مەئبەدگە بەردى. ئۇممۇ مەئبەد سۈتنى قانغۇچىلىك ئىچتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ قاچىنى ئەبۇ بەكرىگە بەردى. ئۇمۇ قانغۇچە ئىچتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن باشقىلار نۆۋەت بىلەن تويغۇچە سۈت ئىچتى. ئەڭ ئاخىرىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈتنى ئىچتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە ئۇ ئورۇق قوينى تەكرار سىغىشقا باشلىدى، يەنە بىر قاچا تولغۇچە سۈت سىغىپ ئۇممۇ مەئبەدكە بەردى. ئۇنىڭغىچە ئۇممۇ مەئبەدە گۆش پۈشۈرغان ئىدى. مېهمانلارنىڭ ئالدىغا گۆشنى ئېلىپ كەلدى، مېهمانلار گۆشتىن يېدى. ئۇممۇ مەئبەد ئاشقان گۆشنى يول ئوزۇقى ئۈچۈن تەييارلاپ، مېهمانلارغا بېرىپ ئۇزىتىپ قويدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەمراھلىرى بىلەن ئۇممۇ مەئبەدنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇممۇ مەئبەدنىڭ ئېرى پادىلارنى ھەيدەپ چېدىرغا كەلدى. قاچىلارنىڭ سۈت بىلەن توشقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيران بولۇپ: بۇ سۈت قەيەردىن كەلدى؟ چېدىردا سۈت چىقىدىغان قوي يوق ئىدى؟ دېدى. ئۇممۇ مەئبەد: چېدىرىمىزغا يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان بىر زات كەلدى. ئۇ مۇنداق قىلدى، دەپ بولغان ئىشلارنى بىر-بىرلەپ ھېكايە قىلىپ بەردى. ئېرى: ۋەللاھى ئۇ قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئىزدەۋاتقان كىشى بولۇشى مۇمكىن. ئەي ئۇممۇ مەئبەد! سەن ئۇ كىشىنى ماڭا تەسۋىرلەپ بەرگىن، دېدى. ئۇممۇ مەئبەد رەسۇلۇللاھنى كۆز ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ مۇنداق تەسۋىرلەپ بەردى:

مەن كۆرگەن كىشى شۇنداق بىر زاتكى، ئۇنىڭ يۈزى نۇرلۇق، ئەخلاقى گۈزەل، شەكلى ناھايىتى چىرايلىق كىشىدۇر. ئۇنىڭ قورسىقى يوغان، بېشى كىچىك ئەمەس. پىگۇرىسى چىرايلىق، ئۆزى كېلىشكەن، كۆزلىرى قارا، كىرپىكلىرى قويۇق، خۇش ئاۋاز كىشى ئىدى. ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئېقى ئوپ ئاق، قارىسى قوپ قارا، كۆزىگە سۈرمە تارتىلغان ئىدى. قاشلىرىنىڭ ئۇچى ئىنچىكە، چاچلىرى تۇم قارا، بويىنى سەل ئۇزۇنراق، ساقىلى قويۇق ئىدى. سۈكۈت قىلغاندا ھەيۋەتلىك، سۆزلىگەندە يېقىملىق كۆرۈنەتتى. ئۇ كۈلۈپ تۇرىدىغان، سۆزى شېرىن، سۆزلەر ئاغزىدىن دانە-دانە چىقىدىغان، سۆزلىرى خۇددى يىپقا تىزىلغان مەرۋايىتتەك رەتلىك، ئىپادىلىرى ئېنىق، جۈملىلىرى ئازمۇ ئەمەس، كۆپمۇ ئەمەس ئىدى. يىراقتىن قاراشقا ئەڭ ھەيۋەتلىك كىشى، يېقىندىن قارىغاندا ناھايىتى شېرىن ۋە جەلپ قىلىدىغان، ئوتتۇرا بويلۇق بولۇپ بەك ئۇزۇن بويلۇقمۇ ئەمەس، پاكارمۇ ئەمەس ئىدى. يېنىدا ھەمراھلىرى بار ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئاتاتتى. ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى ئىدى. ئۇچۇق چىراي، خۇش پېئىل بولۇپ، ھېچكىمنى ئەيىبلەپ ئازارلىمايتتى.

ئەبۇ مەئبەد ئايالىنىڭ بۇ شەكىلدە تەسۋىرلىشىگە قاراپ، بۇ زاتلار ھەققىدە مەككىدە قۇرەيشلەر بىزگە چۈشەندۇرگەن كىشىدۇر. ئەي ئۇممۇ مەئبەد! ئەگەر مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قالغان بولسام، مېنى ھەمرا قىلىۋېلىشىنى تەلەپ قىلاتتىم، ھازىرمۇ بۇنىڭغا بىر يول تېپىشقا تىرىشىمەن، دەپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بولغان مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلدى.

ئۇممۇ مەئبەد ناھايىتى ئەقىللىق، ھوشيار، ئىپپەتلىك ۋە كۈچلۈك ئايال ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىزىنى ئىزدەپ يۈرگەن مۇشرىكلار ئۇنىڭ چېدىرىغا كېلىپ، ئۇ قەيەرگە كەتتى؟ دېدى. ئۇممۇ مەئبەد: كىم؟ دەپ سورىدى. ئۇلار: مۇھەممەد! دەپ، رەسۇلۇللاھنىڭ شەكلىنى سۈپەتلەپ بەردى.

ئۇممۇ مەئبەد مۇشرىكلارنىڭ ئالدىدا تەمكىنلىك بىلەن دادىل تۇرۇپ، مۇشرىكلارنىڭ سۆزىگە جاۋاب بەرمىدى. ئۇممۇ مەئبەددىن بىر جاۋاب ئالالمىغان مۇشرىكلار قوپاللىق بىلەن: سەن ئۇنىڭ قايسى تەرەپكە كەتكەنلىكىنى بىلمەسەن؟! دەپ ۋارقىرىدى. ئۇممۇ مەئبەد: سىلەرنىڭ نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى مەن چۈشەنمىدىم. لېكىن مېنىڭ چېدىرىمغا بىر مېھمان كېلىپ، ئورۇق قويۇمنى سېغىپ بېرىپ كەتتى، دېدى.

مۇشرىكلار قوپاللىقىنى ئاشۇرۇپ ۋارقىراشقا باشلىۋىدى، ئۇممۇ مەئبەد: ئەگەر بېشىمدىن چېكىنىپ كەتمەيدىغان بولساڭلار، قەبىلەمنى چاقىرىپ بېشىڭلارغا توپلايمەن، دەپ تەھدىت قىلدى. چارىسىز قالغان مۇشرىكلار ئۇممۇ مەئبەددىن بىر مەلۇمات ئالالماي قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. چۈنكى ئۇلار ئۇممۇ مەئبەدنىڭ ئۆز قەبىلىسى ئىچىدە نوپۇزلۇق كىشى بولغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ بىر تۇۋۇلاپ خەلقىنى قوزغىيالايتتى. ئۇنىڭ بىر ئېغىز سۆزى بىلەن قەۋمى قوراللىنىپ كېلەتتى.

ھىجرەت يولۇچىلىرى جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە ساق سالامەت يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇممۇ

مەئبەد ئىبرى ۋە كىچىك بالىسىنى ئېلىپ مەدىنىگە كەلدى. ئەبۇ مەئبەد بالىسى بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ، كەلىمە شاھادەت ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. ئۇممۇ مەئبەد ئاياللارنىڭ ئارىسىدا ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئاياللارنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئۇممۇ مەئبەدكە سالام بەردى ۋە مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى: (ئى پەيغەمبەر! مۇئمىن ئاياللار ساڭا كېلىپ، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، بالىلىرىنى ئۆلتۈرمەسلىككە، باشقىلارنىڭ بالىسىنى يالغاندىن ئەرلىرىنىڭ بالىسى قىلىۋالماسلىققا، سەن بۇيرۇغان ياخشى ئىشلاردىن باش تارتماسلىققا بەيئەت قىلسا (يۇقىرىقى شەرتلەر ئاساسىدا) ئۇلارنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلغىن، ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.» بۇ ئايەتنى ئاڭلىغان ئاياللار: بەيئەت قىلدۇق، يا رەسۇلەللاھ» دېدى.

ئۇممۇ مەئبەد: يا رەسۇلەللاھ! بىز مەنئى قىلىنغان ئادەت نېمە؟ دەپ سورى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۆلۈكنىڭ ئارقىسىدىن ئۈن سېلىپ يىغلاش، نالە پەرياد قىلىش» دېدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇممۇ مەئبەدمۇ بەيئەت قىلىپ ئىسلام بىلەن شەرەپلەندى.

ئۇممۇ مەئبەد رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن ھەر پۇرسەتتىن پايدىلاندى. ئۆگەنگەن ياخشى ئىشلارنى دەرھال ھاياتىدا تەتبىقلاشقا تىرىشاتتى. بىر كۈنى ئىبرى ئەبۇ مەئبەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناماز ئوقۇش ئۈچۈن مەسجىدكە بېرىپ كېچىكىپ قايتقان

ئىدى. ئۇممۇ مەئبەد نېمە ئۈچۈن كىچىككىنە قالغانلىقىنى سورىدى. ئەبۇ مەئبەد: يولدا ئەنەس ئىبنى مالىك ئەۋس قەبىلىسىدىن بىر كىشى بىلەن سۆزلىشىۋاتاتتى، مەنمۇ ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە قېتىلىپ قالدىم، سۆھبىتىنى ئاڭلىدىم، دېدى. ئۇممۇ مەئبەد: رەسۇلۇللاھنىڭ خىزمەتچىسى ئۇلارغا نېمە دېدى؟ دەپ سورىدى. ئەبۇ مەئبەد: ئەنەس ئۇلارغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغان بىر ھەدىسنى سۆزلەپ بەردى: «كىم ئىخلاس سۈرىسى بىلەن فاتىھە سۈرىسىنى تاھارەت بىلەن يۈز قېتىم ئوقۇسا، ئاللاھ ئۇنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى قىلىدۇ، جەننەتتە ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ساراي بىنا قىلىدۇ...» دېدى. بۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئۇممۇ مەئبەد ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىخلاس بىلەن فاتىھەنى تاھارەت بىلەن ئوقۇشنى ھەرگىز تەرك ئەتمىدى.

ئۇممۇ مەئبەد: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دۇئا قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان: «ئى ئاللاھىم! قەلبىمنى نىپاقتىن، ئەمەلىمنى رىيادىن، تىلىمنى يالغاندىن، كۆزۈمنى خىيانەتتىن پاكلىغىن. چۈنكى سەن كۆزلەرنىڭ خىيانىتىنى ۋە قەلبلەرنىڭ يوشۇرغان سىرلىرىنى بىلگۈچىسەن.»

ئۇممۇ مەئبەد رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە سايلانغاندا، ئۇنى زىيارەت قىلىپ باردى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئۇنى كۆرۈپ كۆلۈمسىرىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە ھىجرەت قىلغان كۈنلىرىنى ئەسلىدى. ئۇممۇ مەئبەدنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى ۋە ئۇنىڭغا ئىززەت-ئىكرام قىلدى.

ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك زامانىدا قەھەتچىلىك بولغاندا، ئۇممۇ مەئبەدنىڭ ھېلىقى بەرىكەتلىك قويىنى ئەتە-ئاخشام ساغىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغاندۇر.

ئاللاھ تائالا ھەزرىتى ئۇممۇ مەئبەد ۋە باشقا بارلىق ساھابە كىراملاردىن رازى بولسۇن، بىزنى ئۇلارنىڭ شاپائىتىگە نائىل قىلسۇن، ئامىين!

# شېھىتلەرنىڭ ئانىسى، داڭلىق شائىرە ھەزرىتى خەنسا

شېئىر ئەرەبلەرنىڭ ئاياللىرى ئىچىدە خەنسادىن ئاۋۋال ۋە كېيىن ئۇنىڭدەك شېئىر بىلىدىغان بىر ئايالنىڭ يوقلۇقىدا بىرلىككە كەلگەن. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن شېئىر ئېيتىشنى تەلەپ قىلاتتى ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ياقتۇراتتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئىچىدە ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ داڭلىق بولغىنى ئۇنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۆلتۈرۈلگەن ئىككى قېرىندىشى سەخر ۋە مۇئاۋىيە ھەققىدە ئېيتقان مەرسىيەسىدۇر.

ھەزرىتى خەنسا رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئىسمى تەمادەر بولۇپ، سۇلەمىي قەبىلىسىدىن ئەمر ئىبنى شەرىد ئىبنى ھارىسنىڭ قىزىدۇر. بۇرنىنىڭ تۆشىكى كىچىك، ئۇچى ئېگىز بولغانلىقى ئۈچۈن «خەنسا» دەپ لەقەم قويۇلغان.

ھەزرىتى خەنسا رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى جاھىلىيەتتە ياشىغان، كېيىنكى ئۆمرىدە ھىدايەت تېپىپ، بەنى سۇلەيم قەۋمى بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ مۇسۇلمان بولۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى بولۇش شەرىپىگە ئېرىشكەن.

ھەزرىتى خەنسا رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئاللاھ تائالا ۋە

رەسۇلۇللاھقا بولغان ئىمانى، ھەققە ياردەم بېرىش يولىدا قىلغان جىھاتلىرى بىلەن مەشھۇر بولغان. ئۇ ھىجرىيىنىڭ 16- يىلى تۆت ئوغلى بىلەن قادىسىيە ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ئۇ ئۇرۇش باشلىنىش ھارپىسىدا بالىلىرىغا مۇنداق دېگەن: «ئەي بالىلىرىم! سىلەر ئۆز ئىرادەڭلار بىلەن مۇسۇلمان بولدۇڭلار ۋە ئۆز ئىختىيارىڭلار بىلەن ھىجرەت قىلدىڭلار. تەڭدىشى ۋە شېرىكى بولمىغان بىر ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر بىر ئەر ۋە بىر ئايالنىڭ بالىلىرىسىلەر، مەن ئاتاڭلارغا خىيانەت قىلمىدىم، تاغاڭلارنىڭ يۈزىنى چۈشۈرمىدىم، ئەجدادىڭلارنىڭ شان-شەرىپىگە داغ تەككۈزمىدىم، نەسەبىڭلارنى كىرلەتمىدىم. ئاللاھ تائالانىڭ مۇسۇلمانلارغا تەييارلىغان كاتتا مۇكاپاتلىرىنى بىلىسىلەر. شۇنى بىلىڭلاركى، مەڭگۈلۈك ئاخىرەت يۇرتى پانىي دۇنيادىن ياخشىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **(ئى ئىمان ئېيتقانلار! تائەت-ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىڭلار! دۈشمەنلەرگە زىيادە چىداملىق بولۇڭلار، (چېگرالىرىڭلارنى ساقلاپ) جىھاتقا تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ، مۇخالىپەتچىلىك قىلماڭلار).)**[14] ئىنشائاللاھ ئەتە سالامەت ئورنۇڭلاردىن تۇرساڭلار، ئەتىگەندە دۈشمىنىڭلارغا قارشى جەڭگە ئاتلىنىڭلار، ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىڭلار، جەڭنىڭ قىزىپ، ئۇرۇش ئوتىنىڭ ئۆرلىگىنىنى كۆرسەڭلار ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا كىرىڭلار، ھەرگىز قاچماڭلار، دۈشمەن قوشۇن ھۇجۇم قىلغاندا كۈچلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ بېشىنى ئېزىڭلار، مەڭگۈلۈك ئاخىرەت يۇرتىدا ھۆرمەت ۋە غەنىمەتكە

14 سۈرە ئالى ئىمران: 200- ئايەت.

سـازاۋەر بولـىسـىلەر.»

ھەزرىتـى خەنسـا رەزىيەللاھـۇ ئەنھانـىڭ ئوغۇللـىرى ئانىسـىنىڭ نەسىھەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يۈگۈرگەن ھالـدا ئۇرۇشقا ئاتلاندى. ئالـلاھ يولـدا قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ ھەممىسى شېھىد بولـدى. ئۇلارنىڭ شېھىد بولغان خەۋىرى ئانىسى ھەزرىتى خەنساغا يەتكەندە: «ئالـلاھ تائالاغا چەكسىز ھەمدۇسانا ئېيتىمەنكى، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈش بىلەن مېنى شەرەپلەندۈردى. ئالـلاھ تائالادىن رەھمەتگاھى بولغان جەننەتتە ئۇلار بىلەن بىرگە قىلىشىنى تىلەيمەن» دېدى.

ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىد قىلىنغۇچىلىك ھەزرىتى خەنساغا تۆت ئوغلىنىڭ نېسىۋىسىنى ھەر بىر ئوغلى ئۈچۈن ئىككى يۈز تەڭگىدىن بېرەتتى.

ھەزرىتى خەنسا رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىمانى كۈچلۈك، مۇئمىنە ئايال بولۇپ، ئىسلام ئۇنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتكەن، ئىمان ئۇنى ئۈلگە قىلىنىشقا لايىق بىر زات قىلغان ئىدى.

بىر كۈنى ھەزرىتى خەنسا رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىرگەن ئىدى. خەنسانىڭ ئۈستىدە چاچتىن ياسالغان كۆكرەكلىك بار ئىدى. ھەزرىتى ئائىشە ئۇنىڭغا: «ئەي خەنسا! بۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەنئى قىلغان نەرسىدۇر» دېدى. خەنسا: «مەن بىلمەپتىمەن، دېدى.

ھەزرىتى خەنسا رەزىيەللاھۇ ئەنھا سۆزگە ئۇستا، بالا-مۇسىبەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، باللىرىنى ئالـلاھ

يولىدا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن پەزىلەتلىك، مۇسۇلمان ئاياللارغا ياخشى ئۆلگە ئايال ئىدى.

ھەزرىتى خەنسا رەزىيەللاھۇ ئەنھا يامانلىقنى بىلمەيدىغان ئايال ئىدى. ئۇ ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، ھىجرىيىنىڭ 24-، مىلادىيەنىڭ 645- يىلى ۋاپات بولغان. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن، بىزنىڭ قىز-ئاياللىرىمىزنىمۇ ئۇنىڭ يولىدىن مېڭىپ، پەزىلەتلىك كىشىلەر بولغىلى نېسىپ قىلسۇن. ئامىين!

# جاسارەتلىك ئايال ئۇممۇ كۇلسۇم بىنتى ئۇقبە

ھەزرىتى ئۇممۇ كۇلسۇم مەككىلىك بولۇپ، ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر تۇغقان سىڭلىسىدۇر. دادىسى ئوقبە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەڭ ئەشەددى دۈشمىنى ئىدى. ئۇ نەچچە قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان. ئانىسى ئۇلۇغ ساھابە ئايال ھەزرىتى ئەرۋا بىنتى كۇرەيزەدۇر.

ھەزرىتى ئۇممۇ كۇلسۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھا مەككىدە مۇسۇلمان بولۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەيئەت قىلدى. باشقا مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش كاپىرلارنىڭ ھەر تۈرلۈك ئازاب - ئوقۇبەت ۋە قىيىناشلىرىغا ئۇچرىدى. دادىسى ئۇنى دىنىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى قاتتىق قىيىنىدى، لېكىن ئۇ پۈتكۈل بېسىملارغا پىسەنت قىلماستىن دىنىدا مۇستەھكەم تۇردى ۋە ئىمانى يولىدا كەلگەن بارلىق ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلدى.

كۈنلەر، ئايلار ۋە يىللار ھەر تۈرلۈك جەبىر-جاپا، ئەزىيەت ۋە قىيىناشلار بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. كۈن كەلدى بەزى مۇسۇلمانلار ھەبەشىستانغا كۆچۈپ كەتتى، ۋاقىت كەلدى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. لېكىن ھەزرىتى ئۇممۇ كۇلسۇم زالىم دادىسىنىڭ قولىدىن قۇتۇلالمىدى. مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كېتىشى

بىلەن مەككە خۇددى ئىنسى - جىن يوق چۆلگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

ھەزرىتى ئۇممۇ كۇلسۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىدا ۋە ئائىلىسىنىڭ ئىچىدە ئىدى، لېكىن ئۇ بىر مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنى تىكەندەك يالغۇز ھېس قىلاتتى. بۇ سەۋەبتىن ئۇممۇ باشقا مۇسۇلمانلاردەك ھىجرەت قىلىش، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىنىڭ يېنىغا بېرىش، ئۇنىڭ مۇبارەك سۆزلىرىنى ئاڭلاش ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرى ئارىسىدا ياشاشنى خالايتتى. لېكىن زالىم دادىسىنىڭ قولىدىن قۇتۇلالمىغانلىقى ئۈچۈن مەككىدىن چىقالمايتتى. مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىدىن ۋە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىدىن يىراقتا قېلىشنىڭ دەردى قوشۇلغان ئىدى ئۇنىڭ دەردىگە. بۇ جۇدالىقنىڭ تۈگىشى ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ يالۋۇراتتى ۋە ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن بىر پۇرسەت ئىزدەيتتى.

ھەزرىتى ئۇممۇ كۇلسۇم يەتتە يىل رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا بېرىش ئىشتىياق ئوتى بىلەن كۆيدى. مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىدىن جۇدا بولۇش دەردىنى يەتتە يىل يۈرىكىدە ساقلىدى. ئاخىرى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا بىر پۇرسەت ئاتا قىلدى. ئۇ بىر پىلان تۈزۈپ ھەر كۈنى بېرىپ كېلىدىغان يەرگە بارىدىغاندەك ئۆيىدىن چىقىپ قېچىپ كەتتى.

ھەزرىتى ئۇممۇ كۇلسۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھا قانداق ھىجرەت قىلغانلىقىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: مەككىنىڭ ئەڭ چىقىش نۇقتىسى بولغان تەنئىم تەرەپتە بىزنىڭ بىر بېغىمىز بار ئىدى. ئائىلىمىزدىكىلەردىن بەزىلىرى ئۇ يەردە

ئولتۇراتتى. ئۇ باغقا پات-پات بېرىپ بىر-ئىككى كۈن تۇرۇپ قايتىپ كېلەتتىم. ئائىلەم مېنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشىمنى مەنئى قىلمايتتى. ئۇ باغقا بېرىپ-كېلىشنى كۆپەيتىش بىلەن ئائىلەمدىكىلەرنى كۆندۇردۇم. ئەمدى مەككىدە تۇرۇشقا تاقىتىم قالمىغان ئىدى. ئۆزۈم يالغۇز ھىجرەت قىلماقچى بولدۇم. يولدا ئۇچرايدىغان ھەر تۈرلۈك بالا-ئاپەتلەرگە رازى ئىدىم.

بىر كۈنى پۇرسەت تېپىپ باغقا بارماقچى بولۇپ ئۆيدىن چىقتىم. مەككىدىن چىقىش نۇقتىسىغا بارغاندا، بىر ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ ماڭا: قەيەرگە بارماقچىسىز؟ دېدى. مەن: سىز كىم بولىسىز؟ دېدىم. ئۇ خۇزائە قەبىلىسىدىن، دەپ جاۋاب بەردى. بۇ قەبىلىنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن كېلىشىم تۈزگەنلىكىنى ۋە كېلىشىمگە ساداقەت بىلەن ئەمەل قىلغانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇنىڭغا: مەن قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولىمەن، مەدىنىگە بارماقچىمەن، دېدىم. ئۇ: بىز خۇزائىلىكلەر سىز باردىغان يەرنى ياخشى بىلىمىز، دېگەندىن كېيىن، ماڭا يول كۆرسىتىپ مەدىنىگە ئاپىرىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى. تۆگىسىنى ئېلىپ كېلىپ ئالدىمدا چۆكتۈردى. مەن تۆگىگە مىندىم. خۇزائىلىك كىشى تۆگىنى باشلاپ مەدىنە يولىغا ماڭدى.

ھەزرىتى ئۇممۇ كۇلسۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ يولىدا ئانىسىدىن، دادىسىدىن ۋە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىدىن ئايرىلغان ئىدى، لېكىن بۇنىڭغا ھېچ خاپا بولمايتتى. چۈنكى ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىغا

بېرىشنى ئەڭ چوڭ بەخت-سائادەت دەپ بىلەتتى. بىر نەچچە كۈن جاپا-مۇشەققەتلىك يول ماڭغاندىن كېيىن مەدىنىگە كۆرۈندى.

ھەزرىتى ئۇممۇ كۇلسۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھا يول باشلىغۇچىنىڭ مەدىنىگە كەلدۇق، ئەنە ئاۋۇ دەرەخلەر مەدىنىنىڭ خورمىلىرى، دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقتىن يۈرىكى چىقىپ كېتەي دېدى. مەككىدە ئۆتكۈزگەن قىيىن كۈنلەر ئارقىدا قالغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرۈش ھاياجىنى بىلەن يۈرىكى گۈپۈلدەۋاتاتتى. ئۇ ساق-سالامەت مەدىنىگە كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ تاالاغا شۈكۈر قىلىپ، ھەمدۇسانالار ئېيتاتتى. يول باشلىغۇچى خۇزائىلىك كىشىگە دۇئا قىلاتتى. پەرەۋەردىگارىم! بۇ يول باشلىغۇچىغا رەھمەت قىلغىن ۋە ئەجرى ئەزىم ئاتا قىلغىن، يول بويىچە مېنى راھەتسىز قىلىدىغان ھەر قانداق بىر ئىش قىلمىدى، بۇ خۇزائە قەبىلىسى نېمىدېگەن ياخشى قەبىلە، دەيتتى.

ھەزرىتى ئۇممۇ كۇلسۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھا مەدىنىگە كىرگەندە مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ھەزرىتى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا مېھمان بولدى. ئۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيدە يوق ئىدى. ئانىمىز ئۇممۇ سەلەمە ئۇنى ياخشى قارشى ئېلىپ، ئىززەت-ئىكرام قىلدى، ئەھۋالىنى سورىدى، ئۇنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاق بولۇپ بىللە سۆھبەتلەشتى. لېكىن ئۇممۇ كۇلسۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەندىشە قىلىۋاتاتتى. ئىچىدە بىر قورقۇش بار ئىدى. ھەزرىتى ئۇممۇ سەلەمە بۇ پىداكار، مۇئمىنە قېرىندىشىنى تىنچلاندۇرۇش ۋە كۆڭلىدىكى ئەندىشىسىنى

يوقىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا: ئەي ئۇممۇ كۇلسۇم! سىز ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن ھىجرەت قىلدىڭىز ئەمەسمۇ؟ دېدى.

ئۇممۇ كۇلسۇم: ھەئە، مەن ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن ھىجرەت قىلدىم، دېدى. لېكىن كۆڭلى راھەت ئەمەس ئىدى. ئىچىدە ساقلاۋاتقان بىر ئەندىشىسى بار ئىدى. ئۇنى بايان قىلىش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتەتتى. ئانىمىز ھەزرىتى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭغا مېھرى-شەپقەت بىلەن يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ دەردىنى كوچىلاپ سورىۋىدى، ئۇ جاسارەتكە كېلىپ، ئىچىدە يۈرىكىنى موجۇۋاتقان ئەندىشىسىنى مۇنداق بايان قىلدى: «ئى ئۇممۇ سەلەمە! ھۇدەيبىيە كېلىشىمى بويىچە مەككىدىن قېچىپ مەدىنىگە كەلگەنلەر مەككىلىكلەرگە قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. مۇسۇلمان بولۇپ رەسۇلۇللاھقا سىغىنغان ئەبۇ جەندەل بىلەن ئەبۇ بەسىير قايتۇرۇلدى. رەسۇلۇللاھنىڭ مېنىمۇ قايتۇرۇپ بېرىشىدىن قورقىۋاتىمەن.

ئى ئۇممۇ سەلەمە! ئاياللارنىڭ ئەھۋالى ئەرلەرگە ئوخشىمايدۇ. مېنىڭ مەككىدىن ئايرىلغىنىمغا سەككىز كۈن بولدى. ئائىلەم مېنىڭ يوقاپ كەتكىنىمنى بىلىپ مېنى ئىزدەيدۇ، تاپالمىغاندىن كېيىن بۇ يەرگە كېلىدۇ.»

ئۇممۇ كۇلسۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ ئەندىشە بىلەن ھاياجان ئىچىدە ئولتۇراتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەھۋالنى رەسۇلۇللاھقا چۈشەندۈردى. رەسۇلۇللاھ بۇ پىداكار ساھابىيىگە «خۇش كەپسىز» دېدى. ئۇممۇ كۇلسۇم رەسۇلۇللاھقا مەدىنىگە قانداق ئەھۋاللار ئاستىدا

كەلگەنلىكىنى ھاياجان بىلەن سۆزلەپ بەردى. سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ئىچىدىكى ئەندىشىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «يا رەسۇلەللاھ! مەن دىنىم ئۈچۈن ھىجرەت قىلىپ ھۇزۇرلىرىغا كەلدىم، مېنى قوغدىسىلا، مېنى مۇشرىكلارغا قايتۇرۇپ بەرمىسىلە. مېنى قايتۇرۇۋەتسىلە مۇشرىكلار قاتتىق قىيىنايدۇ، مېنى دىنىمدىن يېنىشقا زورلايدۇ، مەن بولسام بىر ئايال. ئاياللارنىڭ قانچىلىك ئاجىز بولغانلىقىنى ئۆزلىرى ئوبدان بىلىلا.»

ئىككى جىھان قۇياشى پەيغەمبىرىمىز ئۇممۇ كۇلسۇمنىڭ گەپلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى. ئۇنى خۇشال قىلىدىغان ۋە ئەندىشىسىنى يوقىتىدىغان بىر تەرزدە: «ئاللاھ بۇ كېلىشىمنىڭ ئاياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغانلىقىنى چوقۇم بايان قىلىدۇ» دېدى.

ئاللاھ تائالا رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈمىدىنى ئەمەلىيەتكە چىقىرىپ، ئاياللارنىڭ مۇشرىكلارغا قايتۇرۇپ بېرىلمەيدىغانلىقى ھەققىدە مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: **(ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە مۇئمىنە ئاياللار ھىجرەت قىلىپ كەلسە، ئۇلارنى سىناپ كۆرۈڭلار، ئۇلارنىڭ ئىمانىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ. ئەگەر ئۇلارنى ھەقىقىي مۇئمىنە دەپ تونۇساڭلار، ئۇلارنى كاپىرلارغا قايتۇرۇپ بەرمەڭلار، ئۇلار كاپىرلارغا ھالال ئەمەس، كاپىرلارمۇ ئۇلارغا ھالال ئەمەس. كاپىر ئەرلىرىنىڭ ئۇلارغا بەرگەن مەھرىنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار. ئۇلارنىڭ مەھرىلىرىنى بېرىپ نىكاھىڭلارغا ئالساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. كاپىر ئاياللارنى ئەمرىڭلاردا ساقلىماڭلار، ئۇلارغا بەرگەن مەھرىڭلارنى تەلەپ**

**قىلىشلار، كاپىرلارمۇ (ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۆئمىن ئاياللىرىغا بەرگەن) مەھرىلىرىنى تەلەپ قىلسۇن. ئاللاھنىڭ ھۆكمى ئەنە شۇ. ئاللاھ ئاراڭلاردا ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.)** [سۈرە مۇمتەھىنە: 10- ئايەت]

رەسۇلۇللاھ ۋەھيى تۈگىشى بىلەن خۇشخەۋەرنى ھەزرىتى ئۇممۇ كۇلسۇمغا يەتكۈزدى. بۇندىن كېيىن مۇشرىكلارنىڭ ئىچىدىن قېچىپ كەلگەن مۆئمىن ئاياللار مۇشرىكلارغا قايتۇرۇلمايدىغان بولدى. ھەزرىتى ئۇممۇ كۇلسۇم كۆڭلى ئارام تېپىپ خاتىرجەم بولغان ئىدى. ئۇممۇ كۇلسۇمنىڭ دادىسى ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئەيت قىزىنىڭ مەدىنىدە ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالدى. ئوغۇللىرى ۋەلىد بىلەن ئۇمارەنى سىڭلىلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. ئۇلار مەدىنىگە كېلىپ رەسۇلۇللاھنى تېپىپ كۆرۈشتى «ئوتتۇرىمىزدىكى كېلىشىم بويىچە سىڭلىمىزنى بىزگە قايتۇرۇپ بەرگىن» دېدى. رەسۇلۇللاھ: «ئاللاھ ئۇ شەرتنى ئاياللار ھەققىدە ئەمەلدىن قالدۇردى» دەپ، ئۇممۇ كۇلسۇمنى ئۇلارغا بەرمىدى. ۋەلىد بىلەن ئۇمارە قۇرۇق قول مەككىگە قايتىپ كەتتى.

ئۇممۇ كۇلسۇم بىنتى ئۇقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھا تېخى ياتلىق بولمىغان ئىدى. مەدىنىدە تۇرۇپ قالىدىغانلىقى كېسىنلەشكەندىن كېيىن ساھابىلەردىن زۇبەير ئىبنى ئاۋۋام، زەيد ئىبنى ھارىسە ۋە ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلىنىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇممۇ كۇلسۇم بۇ ئەھۋالنى قېرىندىشى ئوسمانغا بىلدۈرۈپ

مەسلىھەتىنى سورىدى. ئوسمان رەسۇلۇللاھنىڭ پىكرىنى ئېلىشنى تەۋسىيە قىلدى. بۇ تەكلىپ رەسۇلۇللاھقا يەتكۈزۈلگەندە، رەسۇلۇللاھ ھەزرىتى زەيد ئىبنى ھارىسە بىلەن ئۆيلىنىشنى لايىق كۆردى. ئازغىنە ۋاقىتتىن كېيىن ئىككى پىداكار ساھابە تۇرمۇش قۇرۇپ بىر ئۆيگە كىردى. ھەزرىتى زەيد ئىلە ئۇممۇ كۇلسۇم بەختلىك ھايات كەچۈرۈشكە باشلىدى. ئاللاھ بۇلارغا بىر ئوغۇل ۋە بىر قىز پەرزەنت ئاتا قىلدى. لېكىن بۇلارنىڭ سائادىتى ئۇزۇنغا بارمىدى. چۈنكى زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇتە غازىتىدا شېھىد بولدى.

ھەزرىتى ئۇممۇ كۇلسۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇستەھكەم ئىمانى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىگە رازى بولۇپ، ئېرىنىڭ شېھىد بولغانلىقىغا سەۋر قىلىپ ياشىدى. ئىددىتى چىققاندىن كېيىن زۇبەير ئىبنى ئاۋۋامغا ياتلىق بولدى. زۇبەير ئىبنى ئاۋۋامدىن بىر قىزى دۇنياغا كەلدى. ئازغىنە مۇددەتتىن كېيىن ئاجرىشىپ كەتتى.

ھايات داۋاملاشماقتا ئىدى. ئىنساننىڭ يالغۇز ياشىشى قىيىن ئىدى. ھەزرىتى ئۇممۇ كۇلسۇم ئۇنى بىلەتتى. ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆيلىنىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇممۇ كۇلسۇمنىڭ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىشى بىلەن ئىككى ساھابە تۇرمۇش قۇردى. ئاللاھ تائالا بۇلارغا ئىككى ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلدى.

ئۇممۇ كۇلسۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كۆپ ئىلىم ئۆگىنىۋېلىشقا بەك تىرىشاتتى. ئۇنىڭ ئۇچۇن رەسۇلۇللاھنىڭ سۆھبىتىگە

قاتنىشىشىنى بەك ياخشى كۆرەتتى. ئۇ رەسۇلۇللاھتىن ئۇنغا ياقىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

ھەزرىتى ئۇممۇ كۇلسۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىبرى ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋف ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۆمەرنىڭ ئاخىرىنى ھەزرىتى ئەمر ئىبنى ئاسنىڭ نىكاھىدا ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ نىكاھىدا ئىكەن پانىي دۇنيادىن باقى ئالەمگە كۆچتى.

# چاچ تارىغۇچى مۇئمىنە ئايال

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىسرا كېچىسى مىراجقا چىققاندا بۇرنىغا ناھايىتى چىرايلىق بىر خۇشپۇراق كەلدى. رەسۇلۇللاھ: **«ئى جىبرىل! بۇ خۇشپۇراق نېمىنىڭ پۇرىقى؟» دەپ سورىدى. جىبرىل ئەلەيھىسسالام بۇ چاچ تارىغۇچى ئايالنىڭ، ئىككى ئوغلى ۋە ئېرىنىڭ قەبرىنىڭ پۇرىقى، دەپ جاۋاب بەردى.**[15]

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشى ئۈزلۈكسىز داۋام قىلماقتا ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغانلار قاتتىق خەتەر ۋە قورقۇش ئىچىدە ياشايتتى. پىرئەۋن ۋە جاللاتلىرىنىڭ قاتتىق تەھدىت ۋە زۇلۇملىرىدىن قورقۇپ مۇسۇلمانلار ئىمانىنى يوشۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. پىرئەۋننىڭ سارىيى زالىملارنىڭ مۇسۇلمانلارنى قىيناش پىلانلىرى تېپىپ چىقىش ھەرىكىتى بىلەن قاينىماقتا ئىدى.

پىرئەۋن سارىيىدا قانداق قىلىپ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى يوقىتىشنى ئويلاپ ئۇياقتىن بۇياققا ماڭاتتى.

پىرئەۋن ئۇياق ئويلاپ، بۇياق ئويلاپ، باش ۋەزىرى ھاماننى يېنىغا چاقىردى. ئىككىسى بىرلىكتە ئويلىنىپ: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان

15 ئىمام ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

بولغانلارنىڭ ھەممىنى تۇتۇپ قاتتىق قىيناش ئارقىلىق دىنىدىن ياندۇرۇشنى قارارلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن پىرئەۋن بارلىق ئەسكەرلىرىنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىشىنىپ مۇسۇلمان بولغانلارنى تېپىپ، تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرۇدى. پىرئەۋنىنىڭ سارىيى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكى ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىمان كەلتۈرگەن مۇئمىنلەرنىڭ قەبرىستانلىقىغا ئايلاندى. ساراي قاتتىق قىيناش ئاستىدىكى مۇئمىنلەرنىڭ قىيا-چىيا ئاۋازلىرى، زالىملارنىڭ ۋارقىراشلىرى، ئازابلانغۇچىلارنىڭ ئاللاھقا يالۋۇرغان دۇئا سادالىرى بىلەن ياڭرىماقتا ئىدى.

كاپىرلار ياش-قېرى، ئەر-ئايال، چوڭ-كىچىك دېمەستىن ھەتتا ئەمچەكتىكى بوۋاقلاردىن تارتىپ پۈتكۈل مۇئمىنلەرنى قىينايتتى. مۇئمىنلەر ئىمانىدا مۇستەھكەم تۇرغانسېرى زالىملارنىڭ قىيناشلىرى ئېغىرلىشاتتى. مۇئمىنلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن دەھشەتلىك بالا ۋە قىيىنچىلىق ھەددىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن، مۇئمىنلەر كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئىمانىنى يوشۇرۇشقا، پىرئەۋنىنىڭ رەھىمسىز غالچىلىرىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەسلىككە تىرىشاتتى.

ئەنە شۇنداق قىيىن پەيتتە پىرئەۋنىنىڭ سارىيىدا، پىرئەۋنىنىڭ قىزىنىڭ بېشىنى تاراپ زىننەتلەيدىغان بىر ئايال بار ئىدى. بۇ ئايال ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق ۋە بىرلىكىگە، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىگە چىن ئىشەنگەن مۇئمىنە زات بولۇپ، قەلبىدىكى ئىمانىنى يوشۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە پىرئەۋنىنىڭ قىزىنىڭ بېشىنى تاراۋاتقاندا قولىدىكى تاغاق چۈشۈپ كەتتى. ئايال يەردىكى تاغاقنى «بىسمىللاھ (ئاللاھنىڭ ئىسمى

بىلەن)» دەپ ئالدى. پىرئەۋننىڭ قىزى: «بۇ سۆزۈڭدىن دادامنى مەقسەت قىلامسەن؟» دەپ سورىدى. مۇئمىنە ئايال: «ياق، مېنىڭ ۋە داداڭنىڭ رەببى بولغان ئاللاھنى مەقسەت قىلىمەن» دېدى.

پىرئەۋننىڭ قىزى بۇ ئايالنىڭ گېپىگە قاتتىق غەزەپلىنىپ: «سەن ئەگەر دادامدىن باشقىنى خۇدا تۇتىدىغان بولساڭ، دادامغا خەۋەر بېرىمەن» دەپ تەھدىت قىلدى. لېكىن چاچ تارىغۇچى ئايال قىلچە ئىككىلەنمەستىن: «مەن داداڭدىن قورقمايمەن، يالغۇز بىر ئاللاھتىن قورقىمەن» دېدى.

پىرئەۋننىڭ قىزى يۈگۈرۈپ بېرىپ، پىرئەۋنگە ئەھۋالنى ئۇقتۇردى. ئۆز سارىيىدىكى ھەتتا ئۆز ئۆيىدىكى قىزىنىڭ خىزمەتچىسىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىغا قاتتىق غەزەپلەنگەن پىرئەۋن، ئۇ ئايالدىن ۋە ئېرى بىلەن بالىلىرىدىن قاتتىق ئىنتىقام ئالىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

ئاندىن ئۇ ئايالنى ئېلىپ كېلىپ، پىرئەۋن: سېنىڭ مەندىن باشقا رەببىڭ بارمۇ؟ دېدى.

ئايال: ھەئە، مېنىڭ رەببىم ۋە سېنىڭ رەببىڭ ئاللاھ بار، دېدى.

بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان پىرئەۋن غەزىپىنى باسالماي قالدى، ئاندىن چوڭ بىر مىس قازان ئېلىپ كېلىپ، ئاستىغا ئوت يېقىپ، قازان قاتتىق قىزىغاندا بۇ ئايالنى بالىلىرى بىلەن قوشۇپ قازانغا تاشلاشنى بۇيرىدى.

ئايال: مېنىڭ بىر تىلىكىم بار، دېدى.

پىرئەۋن قانداق تىلىكىڭ بار؟ دېدى.

ئايال: مېنىڭ ئۇستىخانلىرىم بىلەن باللىرىمنىڭ ئۇستىخانلىرىنى بىر كېپەنگە سېلىپ دەپنە قىلىشىڭنى تىلەيمەن، دېدى.

پىرئەۋن: ئۇ بىزنىڭ ئىشىمىز، دېدى.

ئاندىن پىرئەۋن بۇ بىچارە مۇئمىنە ئايالنىڭ يۈرەك پارىسى، كۆز نۇرى باللىرىنى كۆزى ئالدىدا بىر-بىرلەپ قىزىق قازانغا تاشلاشنى بۇيرىدى. چارىسىز ئانا ئاللاھ ئۈچۈن سەۋر قىلىپ، ئۆزىنى چىڭ تۇتۇپ تۇردى. باللار ئانىسىنىڭ كۆزى ئالدىدا چىرقىراپ، كۆيۈپ پىشىپ جان بېرىۋاتاتتى، ئۇنىڭ قولىدىن باللىرىنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھېچنەرسە كەلمەيتتى، باللىرىنىڭ ئازابىغا يۈرىكى چىدىمىغان ئانا، قولىدىكى بالىسىنى قۇتقۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن ئىمانىدىن يېنىشنى ئويلىۋىدى، قۇچىقىدىكى ئېمىۋاتقان بوۋاق بالىدىن ئاۋاز كەلدى. بالا مۇنداق دېدى: «ئەي ئانا! سەۋر قىلغىن، سەن ھەق ئۈستىدىسەن.» بالىسىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان ئانا، ئاللاھ تائالاغا ئىمانىنى قوبۇل قىلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلىپ، دۈشمەنگە تىز پۈكمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇچىقىدىكى بالىسى بىلەن بىرگە قەپ قىزىل چوغدەك لاۋۇلداپ تۇرغان قازانغا تاشلاندى.

بۇ مۇبارەك ئايال ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي تونۇپ ئىمان كەلتۈرگەن، دىنىنى مۇستەھكەم تۇتىدىغان، ئاللاھ يولىدا كەلگەن بالا-مۇسىبەت ۋە قىيىن-قىستاقلارغا سەۋر قىلىدىغان ئاياللار ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل ئۆرنەك بولىدى.

پىرئەۋننىڭ قىزىنىڭ چېچىنى تارىغۇچى مۇئمىنە ئايال ئاللاھ يولىدا قۇربان بېرىش، سەۋر-تاقەت قىلىش، پىداكارلىق قىلىشتا مىسلىسىز ئۈلگە كۆرسىتىپ، بالىلىرى بىلەن شېھىد بولدى. ئۇلارنىڭ كۆيگەن بەدەنلىرىدىن چىققان پۇراقلار يەتتە قات ئاسمانىنىڭ ئۈستىدە قىيامەتكىچىلىك شۇنداق چىرايلىق خۇشپۇراق بولۇپ پۇراپ تۇرىدىغان بولدى. ئۇ پەرىشتىلەرنىڭ ھوزۇرىدا «چاچ تارىغۇچى ئايال» دەپ تونۇلدى، دۇنيادىمۇ ئەنە شۇ ئىسىم بىلەن مەڭگۇ قالدى.

قەدىرلىك ھەدە-سىڭىللار! ئاكا-ئۇكىلار! كۆردۇڭلارمۇ؟! بۇ مۇقەددەس دىنىمىز قانچىلىك قەدىرلىك ئىكەن؟ بۇ دىننىڭ قەدىر-قىممىتىنى بىلگەنلەر تارىخ بويىچە قانچىلىك قۇربانلىقلارنى بەرگەن؟ قانچىلىك زۇلۇملارغا، قىيىناشلارغا قانداق بەرداشلىق بەرگەن؟ ئاشۇلارنىڭ پىداكارلىقلىرى بولمىغان بولسا بۇ دىن بۈگۈنلەرگە يېتىپ كېلەلەتتىمۇ؟ ئۇلارنىڭ مىسلىسىز قۇربانلىقلىرى بولمىغان بولسا، بىز مۇسۇلمان بولالامتۇق؟

دېمەك، بىزمۇ بۇرۇنقىلاردەك پىداكارلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق دىنىمىزنى قوغدىشىمىز ۋە بۇ دىننى كەلگۈسى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈشىمىز كېرەك ئەمەسمۇ؟!

# نامراتلىقنى تاللىغان ئايال فاتىمە بىنتى ئابدۇل مەلىك

ھەزرىتى فاتىمە بىنتى ئابدۇل مەلىك ئىسلام تارىخىدا 5- خەلىپە دەپ ئاتالغان، ئادالەتلىك خەلىپە ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىزنىڭ ئايالى.

ھەزرىتى فاتىمە بىنتى ئابدۇل مەلىك ئىسلام تارىخىدا ئىز قالدۇرغان نادىر ئاياللاردىن. ئۇنىڭ دادىسى ئابدۇل مەلىك ئىبنى مەرۋان بولسا نامى پۈتۈن دۇنياغا تونۇلغان خەلىپە ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسىنىڭ قىزى بولغان ھەزرىتى فاتىمە، ناھايىتى سالىھە، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يۇقىرى يېتىلگەن زات ئىدى. ئۇ ئۆز زامانىسىدىكى ۋە تارىخ بويىچە كېلىدىغان مۇسۇلمان ئاياللارغا ياخشى ئۈلگە بولغان.

ھەزرىتى فاتىمە خەلىپە ئابدۇل مەلىكنىڭ قىزلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئائىشە ۋە ئۇممۇ كۇلسۇم دەپ ئىككى قىز قېرىندىشى بار ئىدى. ئابدۇل مەلىك قىزلىرىنىڭ ئىچىدە ھەزرىتى فاتىمەنى ناھايىتىمۇ ياخشى كۆرەتتى.

ھەزرىتى فاتىمەنىڭ ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىزغا ياتلىق بولۇشى:

ئابدۇل مەلىك ئۆتكۈر پىكىرلىك، يىراقنى كۆرىدىغان، ئىنسانلارنى ياخشى تونۇيدىغان، پاراسەتلىك كىشى ئىدى. ئۆمەر

ئىبنى ئابدۇل ئەزىز بولسا بىر تۇغقىنىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالىي خىسلەتلىرىنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرگەن ئىسىل يىگىت ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئانىسى ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەھۇنىڭ قىزى ئىدى. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز بولسا، مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە تۇغۇلغان ۋە شۇ يەردە ئۆسۈپ يېتىلگەن، ئۇنىڭدا ئۇلۇغلۇق ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ مەدىنە مۇنەۋۋەرەنىڭ دىنى مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن، ئاللاھتىن قورقىدىغان، گۈزەل ئەخلاقلىق، ئەقىل-پاراسەتلىك، كېلىشكەن يىگىت بولۇپ، چىرايلىق كىيىنەتتى، كەڭ تاشا ھايات كەچۈرەتتى، بايلىقى، تۇرمۇشىنىڭ باياشاتلىقى چىرايىدىن مەلۇم بولۇپ تۇراتتى. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا بىلىمى مول، ئالىجاناپ كىشى ئىدى. خەلىپە ئابدۇل مەلىك ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىزنىڭ بۇ يۇقىرى ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى ئۆزىگە يېقىن ئويلاپ، ئەڭ سۆيۈملۈك قىزى ھەزرىتى فاتىمەنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىشنى خالىدى. ئەمەۋى خەلىپىلىكى ئەڭ گۈللەنگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، خەلىپە ئابدۇل مەلىك، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىزگە: «ئەي ئۆمەر! مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ساڭا قىزى فاتىمەنى خوتۇنلۇققا بەردى» دېدى.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز ناھايىتى يۇقىرى ئەدەپ ۋە ھايا بىلەن جاۋاب بېرىپ: «ئەي مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئاللاھ سىزنى غايىڭىزگە يەتكۈزسۇن، سىز، تەلەپ قىلىشقا ھاجەت قويماستىن ئەڭ چوڭ ھەدىيەنى بەردىڭىز» دېدى.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ھەزرىتى فاتىمە بىنتى ئابدۇل مەلىكنى نىكاھىغا ئالدى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدىكى ئاياللارنىڭ ئەڭ چىرايلىقى ۋە ئەڭ ئەدەپلىكى ئىدى.

ئۇلارنىڭ تويى دەمەشىق تارىخىنىڭ مەشھۇر ۋەقەلىرىدىن بىرى بولدى. ھەزرىتى فاتىمە ئېرى بىلەن ناھايىتى بەختلىك، مۇھەببەت ۋە سۆيگۈ ئىچىدە ھايات كەچۈردى. دادىسى ئىسلام دۇنياسىنىڭ خەلىپىسى، ئېرى مەدىنە مۇنەۋۋەرەنىڭ ئەمىرى ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ھەزرىتى فاتىمە دۇنياغا بەك كۆڭۈل بۆلمەيتتى. پۇل-مال يىغىشقا، ئالى سۇپەتلىك كىيىملەرنى كىيىپ، ئەڭ ئېسىل تاماقلارنى يەپ، نەچچە خىزمەتچىنى ئىشقا سېلىپ راھەت-پاراغەتتە ياشاش شارائىتى تولۇق بولسىمۇ، ئۇ بۇ نەرسىلەرگە قارىمايتتى. ئاددى ساددا ياشايتتى. ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىلىم ئۆگىنىشكە تىرىشاتتى. ئۆز ئەسرىنىڭ ئالىملىرىدىن ئىلىم تەھسىل قىلاتتى. ھەزرىتى فاتىمە بىنتى ئابدۇل مەلىكنىڭ تابىئىين ئۆلىمالىرىدىن بىرى بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

كۈنلەر ۋە يىللار بىر-بىرىنى قوغلاپ ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى بولدى. ھەزرىتى فاتىمە خەلىپىنىڭ ئايالى بولدى. بۇنداق بولغان ئىكەن ئۇلارنىڭ ھاياتى تېخىمۇ باياشاتلىشىپ كېتىشى كېرەك ئىدى. ئۇلارنىڭ ھاياتىغا بارلىق كىشىلەر قاراپ ھەيران قالسا بولاتتى. لېكىن ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز خەلىپە بولۇپ ھوھۇقنى قولىغا ئالغان كۈنى دۇنيانى ئۈچ تالاق قىلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ خەلىپە بولۇشتىن ئىلگىرىكى ھاياتىمۇ تارىخىي خاتىرىگە ئايلىنىپ قالدى.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز ئايالىغا خەلىپە بولغانلىق خەۋىرىنى بەرگەندىن كېيىن: «ئەي تاغامنىڭ قىزى! ئەگەر ھاياتىڭىزنى مەن بىلەن داۋاملاشتۇرۇشنى خالىسىڭىز، سىزگە بىر نەچچە سۆزۈم بار» دېدى.ھەزرىتى فاتىمە: «نېمە

دېمەكچى بولسىڭىز دەڭ، مەن خۇشاللىق بىلەن ئاڭلايمەن» دېدى. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز: «قولىڭىزدىكىماللار قەيەردىن كەلدى؟» دېدى. ھەزرىتى فاتىمە: «ئۇنى رەھمەتلىك دادام، مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئابدۇل مەلىك ئىبنى مەرۋان بەرگەن» دېدى. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز: «ئەي فاتىمە! ئەگەر ھاياتىڭىزنى مەن بىلەن بىرگە داۋاملاشتۇرىدىغان بولسىڭىز، ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى تاللىشىڭىز كېرەك: يا قولىڭىزدىكى بىلەيزۈك، ھالقا ۋە باشقا زىبۇزىنىنەت ماللىرىڭىزنى دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇڭ، نامرات ھاياتى ياشايمىز. ياكى ماڭا رۇخسەت قىلىڭ، بىز ئايرىلىپ كېتەيلى. چۈنكى مەن بۇ مال-مۈلۈك بىلەن بىر ئۆيدە ياشاشنى خالىمايمەن» دېدى.

ھەزرىتى فاتىمە ناھايىتى ئىمانى كۈچلۈك، ئەقلى ئۆتكۈر ئايال ئىدى. ئېرىنىڭ يۇقىرىدىكى سۆزىگە: «بۇنداق ماللاردىن نەچچە ھەسسىگە ئىگە بولسامۇ، سىزنى ماللىرىمدىن ئەۋزەل كۆرىمەن. مەن قانداق ئەھۋالدا بولمىسۇن، سىزدىن ئايرىلمايمەن» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن قولىدىكى بار-يوق، مال-مۈلۈك، ئالتۇن-كۈمۈش، زىنىنەت بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىنى ئۆز رازىلىقى بىلەن بەيتۇلمالغا (دۆلەت خەزىنىسىگە) تاپشۇردى.

شۇنداق قىلىپ ھەزرىتى فاتىمە ئاللاھ تائالانىڭ ئاخىرەتتىكى نېمەتلىرىنى ئۈمىد قىلىپ، دۇنيادا نامرات ۋە يوقسۇللۇق بىلەن ياشاشقا باشلىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا هَذِهِ الْحَيَاةُ الدُّنْيَا إِلَّا لَهْوٌ وَلَعِبٌ وَإِنَّ الدَّارَ الْآخِرَةَ لَهِيَ الْحَيَوَانُ لَوْ كَانُوا يَعْلَمُونَ﴾ **(دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئويۇن-كۈلكە ۋە غەپلەتتىن ئىبارەتتۇر، شۈبھىسىزكى، ئاخىرەت**

**يۈرتى ھەقىقىي ھايات (يۈرتىدۇر)، كاشكى ئۇلار بۇنى بىلگەن بولسا)**[16]

ھەزرىتى فاتىمە ئىبرى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز بىلەن نامرات ھاياتى ياشىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن يوقسۇزلۇقنىڭ قىيىنچىلىقىنى تارتسا، يەنە بىر تەرەپتىن بالىلىرىنى ياخشى تەربىيىلەپ، ئۇلارنى نامراتلىققا كۆندۈرۈپ، دادىسىدىن كۆپ نەرسە تەلەپ قىلماسلىققا ئۆگىتىپ،ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىپ، مۇسۇلمان ئاياللارغا ئۈلگە بولۇپ ياشىدى. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز ئادالەت بىلەن داڭ چىقاردى. ئۇنىڭ دەۋرىدە ئىسلام دۇنياسى بايلىققا چۆمۈپ، زاكات ئالىدىغان ئادەم تېپىلماي قالدى. بايلار زاكات بېرىدىغان ئادەم تاپالماي، خەلىپىگە كەلگەندە، خەلىپە ئۇنىڭ بىلەن ياشلارنى ئۆيلەندۈرۈڭلار، دەپ بۇيرىدى. ئەنە شۇنداق پاراۋانلىق زاماندا خەلىپەنىڭ ئۆيىدە بالىلىرىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزغۇدەك تائام تېپىلمايتتى.

«ياخشىغا كۈن يوق ئەسكىگە ئۆلۈم...» دېگەندەك، بۇ ئادالەتلىك خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىزنىڭ خەلىپىلىك مۇددىتى ئۇزۇنغا بارمىدى. ئىككى يىل بەش ئاي بولغاندا خەلىپە ئاغرىپ قېلىپ، يىگىرمە كۈن يېتىپ ھىجرىيىنىڭ 101- يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن.

ھەزرىتى فاتىمە ئىبرى ئاغرىپ قالغاندا بىر دەممۇ يېنىدىن ئايرىلماي خىزمىتىنى قىلدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆمەر كېسەل ۋاقتىدا يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ: <ئى

16 ئەنكەبۇت سۈرىسى: 64- ئايەت.

ئاللاھىم! كۈندۈزدىن بىر سائەت بولسىمۇ كىشىلەردىن مەخپىي تۇتقىن> دەپ دۇئا قىلغانلىقىنى ئاڭلايتتىم.»

ۋاپات بولغان كۈنى مەن ئۇنىڭ يېنىدىن يەنە بىر ھۇجرىغا چىققان ئىدىم، ئارىمىزدا ئىشىك بار ئىدى. ئۇنىڭ مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىدىم: **﴿تِلْكَ الدَّارُ الْآخِرَةُ نَجْعَلُهَا لِلَّذِينَ لَايُرِيدُونَ عُلُوًّا فِي الْأَرْضِ وَلَا فَسَادًا وَالْعَاقِبَةُ لِلْمُتَّقِينَ﴾ (ئەنە شۇ ئاخىرەت يۇرتىنى يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلىشنى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى كۆزلىمەيدىغانلارغا خاس قىلدۇق، (ياخشى) ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر.)**[17] ئايەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن جىم بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قېشىغا كىرسەم نەپەس ئۈزۈپ بولۇپتۇ. قىبلىگە قاراپ، تۇگۈلۈپ يېتىپتۇ. بىر قولى كۆزىدە، يەنە بىر قولى ئاغزىدا ئىدى.

ھەزرىتى فاتىمە ئىبنى ئابدۇل مەلىكنىڭ ۋاپاتى:

ھەزرىتى فاتىمە بىنتى ئابدۇل مەلىك ئېرى ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ياشاش تەرزىنى ئۆزگەرتمىدى. يەنە نامرات ھاياتىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇكىسى خەلىپە بولغاندا، ئۇنىڭغا كۆپ مال ھەدىيە قىلغان بولسىمۇ، ئېرىم رازى بولغان تۇرمۇشۇمنى ئۆزگەرتمەيمەن، دەپ ئۇكىسىنىڭ ھەدىيەسىنى قوبۇل قىلمىدى.

تارىخ كىتابلىرىدا ھەزرىتى فاتىمەنىڭ قاچان ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە ئىشەنچلىك مەلۇمات يوق. ئاللاھ تائالا بۇ مۇبارەك، ئالىم ئايالدىن رازى بولسۇن. ئاللاھ ئۇنىڭ جايىنى پىردەۋس جەننەتتە قىلسۇن، ئامىين!

17 قەسەس سۈرىسى 83- ئايەت.

# ئاللاھ ئاشىقى رابىئە ئەدەۋىيە

پانىي دۇنياغا مۇھەببەت باغلاپ ھەقىقىي مەھبۇبىنى ئۇنتۇغانلارغا؛ ھاۋا ھەۋەس ۋە ھېسسىياتىغا بېرىلىپ رەببىدىن يىراقلاشقانلارغا ئاللاھ ئاشىقى رابىئە ئەدەۋىيەنىڭ ھاياتىنى تەقدىم قىلىمىز.

رابىئە ئەدەۋىيە ئىسمائىل ئەدەۋىيە دېگەن كىشىنىڭ قىزى بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 95- يىلى ئىراقنىڭ بەسرە شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. ھىجرىيىنىڭ ئىككىنچى ئەسىرىدە بەسرە شەھرى ئۆلىمالارنىڭ دەرسخانىلىرى، بايلارنىڭ سارايلىرى ۋە نامراتلارنىڭ كەپىلىرى بىلەن تولۇپ تاشقان بىر شەھەر ئىدى.

رابىئە ئەدەۋىيە ئەنە شۇ نامراتلارنىڭ كەپىلىرىدىن بىرىدە دۇنياغا كۆز ئاچقان ئىدى. رابىئەنىڭ ئۆزىدىن چوڭ ئۈچ ھەدىسى بولغانلىقى ئۈچۈن دادىسى ئۇنىڭغا تۆتىنچى قىز دېگەن مەنىدە «رابىئە» دەپ ئىسىم قويغان.

رابىئە ئەدەۋىيە ئەقلىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە تېز تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى بىلەن مەشھۇر بولغان، كىچىك يېشىدىلا قۇرئان كەرىمنى تولۇق يادلاپ بولغان.

**بېشىغا كەلگەن قىيىنچىلىقلىرى:**

بەسرىدە ناھايىتى قاتتىق ئاچارچىلىق يۈز بەردى.

رابىئەنىڭ ئائىلىسى تارقىلىپ كېتىپ ئۆزى ئەسىر چۈشتى.

رابىئە ناھايىتى چىرايلىق قىز ئىدى، خوجايىنى ئۇنى سورۇنلاردا ناخشا ئوقۇتاتتى. بۇ ئۇنىڭغا قاتتىق ئەلەم بېرەتتى. رابىئە بۇ ئازاب ئىچىدە بەسىرىنىڭ كوچىلىرىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى ۋە ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇپ كۆپ دۇئا قىلاتتى. بىر كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنى بۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغانلىقىغا ئىشەنچىسى كامىل ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كۈندۈزلىرى خوجايىنىنىڭ زورلىشى بىلەن سورۇنلاردا ناخشا ئوقۇسىمۇ، كېچىسى ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش بىلەن ئۆتەتتى. ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلغانسېرى قەلبى يورۇپ، كۆڭلى ئارام تاپاتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە كېچىدە خوجايىنى رابىئەنىڭ سەجدىگە باش قويۇپ يىغلاپ دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ رابىئەگە يېقىنلىشىپ ئۇنىڭ مۇنداق دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى: «ئەي رەببىم! سەن مېنىڭ قەلبىمدىكىنى بىلىسەن، قەلبىم ساڭا ئىبادەت بىلەن ئۆتۈشكە ئىنتىلىدۇ، كۆڭلۈم ساڭا يېقىن بولۇش بىلەن ئارام تاپىدۇ. ئەگەر ئىش مېنىڭ قولۇمدا بولغان بولسا، ساڭا مۇناجات قىلىشتىن ۋە سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلىشتىن ھەرگىز توختىمايتتىم. لېكىن سەن مېنى بەندىلىرىڭ ئىچىدە مۇشۇ مەخلۇقنىڭ قول ئاستىغا تاشلاپ قويدۇڭ.»

بۇ دۇئانى ئاڭلاپ خوجايىنىنىڭ قەلبى يۇمشاپ، رابىئەنى ئازات قىلىۋەتتى ۋە مۇنداق ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى تاللاشنى تەكلىپ قىلدى: ئەگەر خالىسىڭىز مېنىڭ يېنىمدا ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن ياشاڭ، مەن سىزگە خىزمەتچى بولاي،

خالىسىڭىز قەيەرگە بارىمەن دېسىڭىز شۇ يەرگە كېتىڭ، مەن سىزگە ئىختىيارىنى بەردىم، دېدى. رابىئە ئىنسانلارنىڭ دۇنياسىدىن يىراق، ھېچكىمنىڭ مىنىنتى ئاستىدا قالماستىن ياشاشنى تاللىدى.

رابىئە كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن يىراق يەردە كەپىدە ئولتۇرۇپ ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى تاللىدى. ئۇ بەسىرىدىكى سالىھ ئۆلىمالارنىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىنى ئاڭلايتتى. كېچىنىڭ ئازراق بىر بۆلۈمىدە ئۇخلايتتى، قالغان ۋاقتىنىڭ ھەممىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئۇ ئۇخلىماقچى بولسا، ئەي نەپسىم! قانچىلىك ئۇخلايسەن؟ بەلكى ئۇيقۇڭدىن ئىسراپىلنىڭ ئاۋازى بىلەن ئويغىنىشىڭ مۇمكىن، دەيتتى. ئۇ دۇنيادىن ئايرىلغۇچىلىك مۇشۇ ئادىتىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ دائىم غەم-قايغۇ ۋە يىغلاش بىلەن ئۆتەتتى. ئۇ دوزاخنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ھامان يىغلاشقا باشلايتتى. ئۇنىڭ كۆپ يىغلىغانلىقىدىن سەجدە قىلىدىغان يېرى دائىم ھۆل تۇراتتى.

**نەسىھەتلىرى:**

بىر كۈنى بىر ئادەم ئۇنىڭغا: ھاجىتىڭىز بولسا، ماڭا دەڭ، دېدى. رابىئە: مەن دۇنيانىڭ ئىگىسىدىن ئۇنى تەلەپ قىلىشقا ئۇيىلىدىغان تۇرسام، ئۇنى ئىگە بولمىغان كىشىدىن قانداق تەلەپ قىلىمەن؟ دېدى.

ئۇ رىيا توغرىلىق مۇنداق دېگەن: ياخشىلىقىڭلارنى يوشۇرۇڭلار، يامانلىقىڭلارنى يوشۇرماڭلار.

بىر كىشى كېلىپ: مېنىڭ گۇناھىم بەك كۆپ، ئەگەر

تەۋبە قىلسام قوبۇل بولامدۇ؟ دەپ سورىدى. رابىئە: ياق، بەلكى ئاللاھ سېنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلسا، ئەلبەتتە تەۋبە قىلىسەن. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:﴿ثُمَّ تابَ عَلَيهِم لِيَتوبوا إِنَّ اللَّـهَ هُوَ التَّوّابُ الرَّحيمُ﴾ **(ئاللاھ ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلغۇچىلاردىن بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلدى. ئاللاھ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر.)**[18]

**رابىئە ئەدەۋىيەنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنە:**

ئۇ مۇنداق دېگەن:

**تعصى الإله وأنت تُظهر حبه**
**هذا لعمري في الفعال شنيع**
**لو كان حبك صادقاً لأطعته**
**إنّ المحب لمن يحب مطيعُ**

تەرجىمىسى: ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكىڭنى ئىزھار قىلىسەن. بۇنداق قىلىش ئىنتايىن يامان ۋە قەبىھ بىر ئىش. ئەگەر سەن ئاللاھنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرگەن بولساڭ، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلاتتىڭ. چۈنكى ياخشى كۆرگەن كىشى، مەھبۇبىغا ئىتائەتمەن بولىدۇ.

**ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ جامالىنى كۆرۈشكە بولغان ئىشتىياقى:**

18 تەۋبە سۈرىسى 118- ئايەت.

رابىئە ئەدەۋىيە بۇ پانىي دۇنيادىن ئايرىلىپ كەتكۈچىلىك، قاتتىق ئىشتىياق ۋە ئىنتىلىش بىلەن ياشىدى. چۈنكى ئۇنىڭ قەلبى ۋە روھى ئاللاھ تائالانىڭ ئىشقى بىلەن تولۇپ تاشقان، شۇڭا ئۇ دائىم ئاللاھ تائالاغا مۇلاقات بولۇشقا ئىنتىلىپ ياشىدى. ئۇ سەكسەن يىلغا يېقىن ئۆمۈر كۆردى. پۈتۈن مۇشۇ ئۆمرىدە بىر لەھزە ئۆلۈمنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن كېپىنىنى ئالدىدىن ھەرگىز يىراق قىلمىدى.

رابىئە ئەدەۋىيەنىڭ خىزمەتچىسى ئەبدە بىنتى ئەبۇ شەۋۋال مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ۋاپات بولىدىغان ۋاقتىدا ماڭا: ئەي ئەبدە! مېنىڭ ئۆلىمىم بىلەن كىشىلەرنى بىئارام قىلمىغىن، مېنى مۇشۇ پەرەنجەمگە كېپەنلىگىن» دېدى. ئۇنىڭ كېچىلىرى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئىبادەت قىلىدىغان يۇڭدىن بىر پەرەنجىسى بار ئىدى. ئاخىرقى نەپىسىنى بېرىدىغان چاغدا يېنىدىكىلەرگە: «چىقىپ كېتىڭلار، ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىگە يول ئېچىڭلار» دېدى. بىز تاشقىرى چىقىپ ئىشىكنى ياپتۇق. ئۇنىڭ ئەشھەدۇ ئەللا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋەرەسۇلۇھۇ، دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق.

ئەبدە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۇنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە، مېنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان بىر ئىشنى دەپ بېرىڭ، مەن شۇ ئىشنى قىلاي، دېۋىدىم، ماڭا: ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلغىن، دېدى.

ئاللاھ تائالا رابىئە ئەدەۋىيەگە رەھمەت قىلسۇن. ئۇ ۋۇجۇدىنىڭ بارلىق زەررىسى بىلەن ئاللاھ تائالانى سۆيگەن ۋە ئاللاھنىڭ ئىشقى مۇھەببىتى بىلەن بۇ دۇنيادىن ئۆتكەن.

# مۇئمىنە مەلىكە ئاسىيە بىنتى مۇزاھىم

مەلىكە ئاسىيە پادىشاھلىق سارىيىدا ياشايدىغان، شان شەۋكەتلىك ئايال ئىدى. ئۇ ئۆزىنى يەر يۈزىنىڭ خۇداسى دەپ داۋا قىلىدىغان، پۈتكۈل خەلق ئۇنىڭ ئالدىدا ئېگىلىپ سەجدە قىلىدىغان پىرئەۋننىڭ ئايالى ئىدى. ئۇ پادىشاھلىق سارايي ھاياتىغا كۆنگەن، ھاكىمىيەتنىڭ تەمىنى تېتىيدىغان، قول ئاستىدا سانسىز خىزمەتچىلىرى بولغان، ھېچنەرسىگە ھاجىتى چۈشمەيدىغان ئايال ئىدى. خەلق ئۇنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتەلمەيتتى. ئۇ مىسىرنىڭ مەلىكىسى ئىدى. لېكىن ئۇ چىن قەلبىدە ھەقىقى ئىلاھ بولغان ئاللاھ تائالاغا ئىشىنەتتى ۋە ئېرى پىرئەۋننىڭ خۇدالىقىنى رەت قىلاتتى. ئۇ قەلبىدىكى ئىماننىڭ نۇرى بىلەن سارايدىكى ئازغۇن ھاياتتىن زېرىككەن ئىدى. ئۇ كېچىسى يالغۇز يەردە ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇپ، ئۆزىنى بۇ ھاياتتىن قۇتقۇزۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلاتتى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنى ئىمان كەلتۈرگەن بارلىق مۇئمىنلەرگە ئۈلگە قىلدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَضَرَبَ اللَّهُ مَثَلًا لِّلَّذِينَ آمَنُوا امْرَأَتَ فِرْعَوْنَ إِذْ قَالَتْ رَبِّ ابْنِ لِي عِندَكَ بَيْتًا فِي الْجَنَّةِ وَنَجِّنِي مِن فِرْعَوْنَ وَعَمَلِهِ وَنَجِّنِي مِنَ الْقَوْمِ الظَّالِمِينَ﴾ **(ئاللاھ ئىمان ئېيتقانلارغا پىرئەۋننىڭ ئايالىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! دەرگاھىڭدا ماڭا جەننەتتىن بىر ئۆي بىنا قىلغىن، مېنى پىرئەۋندىن ۋە ئۇنىڭ يامان ئەمەلىدىن قۇتۇلدۇرغىن، مېنى زالىم قەۋمدىن**

**قۇتۇلدۇرغىن» دېگەن ئىدى.)**[19]

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«جەننەت ئەھلى بولغان ئاياللارنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكى خەدىچە بىنتى خۇۋەيلىد، فاتىمە بىنتى مۇھەممەد ۋە ئاسىيەدۇر.»**[20]

مەلىكە ئاسىيە نەمۇنە ئايال بولۇپ، قۇرئان كەرىم ئۇنى قىيامەتكىچە كېلىدىغان ھەقىقى راستچىل مۇئمىنە ئاياللارغا مەڭگۈلۈك ئۆلگە قىلدى. چۈنكى ئۇ ھەقىقەتنى تونۇغان ھامان باتىلدىن يۈز ئۆرۈپ ھەققە ئەگەشتى ۋە زالىم پىرئەۋننىڭ زۇلمىدىن، قىيناپ ئۆلتۈرۈشىدىن قورقمىدى. ئۇ ئاللاھ تائالاغا شۇنداق چىن ئىشەنگەنكى پىرئەۋننىڭ تەھدىتلىرى، قورقۇتۇشلىرى، سالغان زۇلۇم ۋە قىيناشلىرى ئۇنىڭ ئىمانىنى تەۋرىتەلمىدى ۋە ئۇنى ھەق ۋە ھىدايەتتىن ياندۇرالمىدى. ئۇ ئاللاھ تائالا بىلەن سودىلاشتى ۋە سودىسىدا پايدا تاپتى. ئۇ پادىشاھلىق سارايلىرىنى، سارايدىكى راھەتلىك ھاياتنى، سانسىز خەزىنەتچىلەرنى، مەلىكىلىكنى ئاللاھ ئۈچۈن جەننەت بەدىلىگە ساتتى. نەتىجىدە ئۇ جەننەت ئەھلىنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكى بولۇپ رەسۇلۇللاھنىڭ ئايالى بىلەن قىزىغا قوشنا بولدى. مۇئمىنلەرنىڭ مۇكاپاتى نېمىدېگەن ياخشى!

ھەزرىتى ئاسىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھېكايىسى قۇرئان كەرىمدە ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى بىلەن بىرگە تىلغا ئېلىنىدۇ.

19 تەھرىم سۈرىسى: 11- ئايەت.

20 ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن تۇغۇلغىلى بىر نەچچە كۈنلۈك بولغان بالىسى مۇسانى ساندۇققا سېلىپ دېڭىزغا تاشلىغان ئىدى. دېڭىز دولقۇنلىرى ساندۇقنى ھەيدەپ پىرئەۋننىڭ سارىيىنىڭ ئالدىدىكى قىرغاققا ئېلىپ باردى. خىزمەتچى قىزلار ساندۇقنى ئېلىپ سارايغا ئېلىپ كىردى. پىرئەۋننىڭ ئايالى ئاسىيە ساندۇقتىكى بوۋاقنى كۆرۈش بىلەن ئۇنى قاتتىق ياخشى كۆرۈپ باغرىغا باستى. ئۇ چاغدا پىرئەۋن ئىسرائىل ئەۋلادىدىن تۇغۇلغان بارلىق ئوغۇل بالىلارنى ئۆلتۈرەتتى. پىرئەۋن بوۋاقنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، ئاسىيە ئۇنى ئۆلتۈرمەسلىكنى، ئۆزلىرىنىڭ بالىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ بوۋاقنى بالا قىلىۋېلىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. پىرئەۋن ئايالى ئاسىيەنىڭ تەلىپىنى رەت قىلالماي بوۋاقنى ئۆلتۈرمىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋننىڭ سارىيىدا چوڭ بولدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَالَتِ امْرَأَتُ فِرْعَوْنَ قُرَّتُ عَيْنٍ لِّي وَلَكَ لَاتَقْتُلُوهُ عَسَى أَن يَنفَعَنَا أَوْ نَتَّخِذَهُ وَلَدًا وَهُمْ لَايَشْعُرُونَ﴾ **(پىرئەۋن نىڭ ئايالى: «(بۇ بالا) ماڭا ۋە ساڭا كۆزنۇرى، (يەنى خۇشاللىق) بولسۇن، ئۇنى ئۆلتۈرمەڭلار، بەلكى ئۇ بىزگە پايدا يەتكۈزەر ياكى ئۇنى ئوغۇل قىلىۋالارمىز» دېدى.)**[21]

ھەزرىتى ئاسىيە تەبىئىتى ساغلام، ئەقلى ئۆتكۈر، ناھايىتى رەھىمدىل ئايال ئىدى. ئۇ ئېرىنىڭ ئەقلىنى ئورۇۋالغان پىكىرلەرگە قارشى ئىدى. ئۇ ئېرىنىڭ «مەن خۇدا» دېگەن سۆزىگە ئىشەنمەيتتى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام چوڭ بولغاندا، ئاللاھ تائالا ئۇنى

21 قەسەس سۈرىسى: 9 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندىن كېيىن مىسىرغا كېلىپ كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشقا باشلىغاندا بىرىنچى بولۇپ ئىمان كەلتۈرگەن ھەزرىتى ئاسىيە بولغان ئىدى. پىرئەۋن ئايالىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلىپ قېلىپ، ئايالىنى دىنىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ ئەشەددى زۇلۇم ۋە قىيىناشلارنى باشلىدى. لېكىن ھەزرىتى ئاسىيە ئاللاھ يولىدا كەلگەن ھەر تۈرلۈك ئازاب ۋە قىيىناشلارغا بەرداشلىق بېرىپ دىنىدا مۇستەھكەم تۇردى.

پىرئەۋن ئەسكەرلىرىگە ئاسىيەنى بىر يەرگە ئېلىپ بېرىپ، ئىككى قولى ئىككى پۇتىنى تۆت دانە قوزۇققا باغلاپ، قامچىلار بىلەن ئۇرۇپ قىيىناشنى بۇيرۇدى. ئۇلار شۇنچىلىك قىيىنىدىلاركى، چىداش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن ئاسىيە ئاللاھقا بولغان ئىمانىدا چىڭ تۇراتتى. ئاخىرى پىرئەۋن ئۇنى بىر تۈگمەن تېشىنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇپ، كۆكسىگە يۇقىرىدىن يەنە بىر تۈگمەن تېشىنى تاشلاشنى بۇيرۇدى. لېكىن ئاسىيە ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ پىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى تىلەيتتى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلار تۈگمەن تېشىنى تاشلىغىچە ئاسىيەنىڭ روھىنى ئالدى. پەرىشتىلەر ئۇنىڭ روھىنى جەننەتكە ئېلىپ باردى. چۈنكى ئۇ ئاللاھ تائالاغا چىن ئىشەنگەن ۋە بۇ ئىمانى يولىدا تەسۋىرلەپ بولغۇسىز ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە سەۋر قىلغان جەننەتتە مەڭگۈ ياشاشقا ھەقلىق بولغان ئىدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«ئەرلەردىن كامالەتكە يەتكەنلەر كۆپ. ئاياللاردىن**

**كامالەتكە يەتكەنلەر پەقەت پىرئەۋننىڭ ئايالى ئاسىيە، مەريەم بىنتى ئىمراندۇر. ئائىشەنىڭ قالغان ئاياللاردىن ئۈستۈنلۈكى شورپىغا چىلانغان ناننىڭ قالغان تاماقتىن ئۈستۈنلۈكىگە ئوخشايدۇ.»**[22]

ئاللاھ تائالا ھەزرىتى ئاسىيەدىن رازى بولسۇن، ھەدەسىڭىللىرىمىزغا بۇ مۆئمىنە ئايالنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىپ، ھەقنى تونۇش ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش خىسلىتى ئاتا قىلسۇن. ئامىين!

22 ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

# ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى سارە

ھەزرىتى سارە ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرىنچى ئايالى بولۇپ، ئىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن كۆنلەپ، ئايلاپ يوللار كەزگەن، بارغان يەرلىرىدە كاپىرلاردىن كۆرگەن ئەزىيەت ۋە مۇساپىرلىق، غېرىبلىقنىڭ دەردىگە سەۋر قىلغان مۇجاھىدە ئايالدۇر. ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىراقتا نەمرۇت دېگەن پادىشاھنىڭ دەۋرىدە پەيغەمبەر بولغان. نەمرۇت بولسا ئۆزىنى «يەر يۈزىنىڭ خۇداسى» دەپ جاكارلاپ خەلقنى ئۆزىگە چوقۇندۇراتتى. ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈشكە چاقىرغاندا، نەمرۇت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى يوقىتىش ئۈچۈن ئوتقا تاشلىدى. ئۇ ئوتتا كۆيمىگەندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېتىشىدىن قورقۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئايالى سارە بىلەن ئىراقتىن ھەيدەپ چىقاردى. ھەزرىتى سارە ئايلارچە يول يۈرۈپ، يول بويىچە ئىرى ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا خىزمەت قىلىپ، پەلەستىن زېمىنىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار بۇ يەردىكى كىشىلەرنى ئاللاھ تائالاغا دەۋەت قىلىپ، بىر نەچچە ۋاقىت ياشىدى. ئۇ يەردىكى ئىنسانلاردىن ھېچكىم ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولمىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئايالى سارە

بىلەن مىسىرغا قاراپ يولغا چىقتى. مىسىرنىڭ ئەينى زاماندىكى پادىشاھى پىرئەۋن كىمنىڭ چىرايلىق خوتۇنى بولسا شۇنى تارتىۋېلىپ خوتۇن قىلاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ زالىم پادىشاھنىڭ ئادەملىرى يۇرت مەھەللىلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ قەيەردە چىرايلىق ئايال كۆرسە ئۇنى پىرئەۋنگە خەۋەر قىلاتتى. مۇشۇنداق بىر پەيتتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مىسىرغا كېلىپ قالدى. ھەزرىتى سارە بولسا ھەقىقەتەن چىرايلىق ئايال ئىدى. بۇنى كۆرگەن غالچىلار دەرھال پىرئەۋننىڭ ئالدىغا بېرىپ، «مىسىر زېمىنىغا گۈزەللىكتە دۇنيادا مىسلى يوق بىر ئايال كەلدى» دەپ خەۋەر قىلدى. پىرئەۋن ھەزرىتى سارەنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن دەرھال ئەسكەرلىرىنى ئەۋەتتى. ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سارەنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىر تۇغقىنى بولغانلىقىنى ئېيتتى. چۈنكى ئۇنى خوتۇنۇم دېسە، ئېرىنى ئۆلتۈرۈپ خوتۇنىنى ئېلىپ كېتەتتى.

پىرئەۋننىڭ ئادەملىرى ھەزرىتى سارەنى ئۇنىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ باردى. ھەزرىتى سارە تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇپ، سەجدىدە ئاللاھ تائالادىن بۇ زالىمنىڭ يامانلىقىدىن قوغدىشىنى تىلەپ: «ئەي ئاللاھىم! ئۆزەڭ بىلىسەن، مەن ساڭا ئىمان كەلتۈردۈم، پەيغەمبىرىڭنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم، مەن كىچىكىمدىن تارتىپ ئىپپىتىمنى ساقلاپ كەلگەن پاك ئايال مەن، مېنى بۇ كاپىرنىڭ قولىغا تاشلاپ قويمىغىن.» دەپ دۇئا قىلدى. ئاللاھ تائالا بۇ چارىسىز، مۇئمىنە، پاكدامەن ئايالنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى. زالىم پىرئەۋن ھەزرىتى سارەگە قولىنى ئۇزىتىشىغا قولى قۇرۇپ ھەرىكەت قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن

پىرئەۋن سارەگە: «رەببىڭگە دۇئا قىلغىن، قولۇمنى بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتۇرسۇن، ساڭا چېقىلمايمەن» دېدى. ھەزرىتى سارە دۇئا قىلدى. ئۇنىڭ قولى ئەسلىگە كەلدى. بۇ كاپىر يەنە نىيىتىنى بۇزۇپ، ھەزرىتى سارەگە يەنە قول سوزدى. قولى يەنە قورۇپ كەتتى. ئۇ يەنە سارەدىن دۇئا قىلىشىنى تىلىدى. ھەزرىتى سارەنىڭ دۇئاسى بىلەن ئۇنىڭ قولى ئەسلىگە كەلدى. ئۇ يەنە قول سوزدى، قولى يەنە قورۇپ كەتتى. پىرئەۋن ئەمدى قولى ئەسلىگە كەلسە ھەرگىز چېقىلمايدىغانلىقىنى ۋە بۇ يۇرتتىن ساق سالامەت كېتىشىگە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، يالۋۇردى. ھەزرىتى سارە دۇئا قىلدى، ئۇنىڭ قولى ئەسلىگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەملىرىنى چاقىرىپ: «بۇنى ئېلىپ چىقىپ كەت، بۇ ئىنسان ئەمەسكەن» دېدى. ئاندىن ھەزرىتى سارەگە ھاجەر ئىسىملىك بىر قىزنى خىزمەتچى قىلىپ قوشۇپ بېرىپ، ئۇلارنى مىسىردىن چىقىپ كېتىشكە بۇيرىدى.

لېكىن ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرەت كامالىغا ئىنساننىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە مېھمان كەلدى. بۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىلىرى بولغان پەرىشتىلەر بولۇپ، ناھايىتى ھەيۋەتلىك ئىنسان سۈرىتىدە كەلگەن ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مېھمانلارنى ھۆرمەت ئېھتىرام بىلەن ئۆيىگە باشلاپ، سېمىز بىر موزاينى كېسىپ، گۆشىنى پۇشۇرۇپ ئېلىپ كېلىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويدى. لېكىن مېھمانلار گۆشكە قول ئۇزارتمىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئېلىڭلار، گۆشتىن يېمەمسىلەر» دېدى. ئۇلار يەنە قول ئۇزارتمىدى. ئۆيگە كىرگەن مېھمان ئالدىغا

قويۇلغان تاماقنى يېمىسە، ئۇ دۈشمەنلىك قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بولاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن قورقۇشقا باشلىدى. بۇنى بىلگەن پەرىشتىلەر: «قورقمىغىن، ئەسلىدە بىز لۇت قەۋمىگە بالا ئېلىپ كەلدۇق، لۇت قەۋمىنىڭ يېنىغا بېرىشتىن ئىلگىرى ساڭا بىر خۇشخەۋەرنى يەتكۈزۈپ قويماقچىمىز. سېنىڭ ئايالىڭ سارە تۇغىدۇ، ئۇنىڭ ئىسمى ئىسھاق بولىدۇ. ئىسھاقنىڭ نەسلىدىن نۇرغۇنلىغان پەيغەمبەر كېلىدۇ» دېدى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان سارە، ھەيران بولۇپ«ۋاي ئەمدى مەن تۇغامدىمەن، مەن بىر قېرىپ كەتكەن، تۇغماس ئايال تۇرسام، ماۋۇ ئېرىم بىر بوۋاي تۇرسا، قانداق تۇغىمەن!؟» دېدى. پەرىشتىلەر: «ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ھەيران قالامسىز؟ بۇ ئاللاھنىڭ سىلەرگە بىر رەھمىتىدۇر» دەپ چىقىپ كەتتى.

دەرۋەقە ئۇزۇن ئۆتمەي ھەزرىتى سارە ھامىلە بولدى. توققۇز ئاي، ئون كۈن توشۇپ چىرايلىق بىر ئوغۇل تۇغدى. ئۇنىڭغا ئىسھاق دەپ ئات قويدى. بۇندىن كېيىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن كەلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلەرنىڭ بوۋىسى بولغان بولسا، ھەزرىتى سارە پەيغەمبەرلەرنىڭ مومىسى بولدى.

ھەزرىتى سارەنىڭ يۇقىرىدىكى ھېكايىسى قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان. ھەزرىتى سارە 127 يېشىدا پەلەستىندە ئالەمدىن ئۆتتى. ئاللاھ تائالا بۇ سەۋرلىك، مۇھاجىر، ئىپپەتلىك، مۇجاھىدە ئايالدىن رازى بولسۇن، بىزلەرنى ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ماڭغىلى نېسىپ قىلسۇن، ئامىين.

# ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىنچى ئايالى ھەزرىتى ھاجەر

يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئايالى سارە بىلەن بىرگە مىسىردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، مىسىرنىڭ پادىشاھى پىرئەۋن ھەزرىتى سارەگە چېقىلماقچى بولىدۇ، لېكىن ئاللاھ تائالا بىر مۆجىزە بىلەن ھەزرىتى سارەنى پادىشاھنىڭ يامان غەرىزىدىن ساقلايدۇ. بۇ مۆجىزىنى كۆرگەن پادىشاھ ھەزرىتى سارەگە ھاجەر ئىسىملىك بىر قىزنى خىزمەتچى قىلىپ بېرىدۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئايالى سارە ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچىسى ھاجەرنى ئېلىپ پەلەستىنگە كېتىدۇ. ھاجەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈپ مۇسۇلمان بولدى. ئۇ ئىمانى ناھايىتى كۈچلۈك، ئاللاھ تائالاغا بولغان ئەقىدە ـ ئىخلاسى مۇستەھكەم زات بولدى. ئۇ ئاللاھ تائالاغا تائەت ئىبادەت بىلەن ھەزرىتى سارەنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ياشىدى.

ھەزرىتى سارە يېشى چوڭىيىپ، قېرىلىق ھالىتىگە كەلگەن بولسىمۇ تۇغمىغان ئىدى. ئۇ ئويلاپ مەن ياشلىقىمدا تۇغمىدىم، ئەمدى قېرىدىم بۇ ياشتىن كېيىن تۇغۇش ئېھتىماللىمۇ قالمىدى. مۇنۇ قىزنى ئېرىمگە خوتۇنلۇققا بېرەي، بەلكى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن بىر پەرزەنت

ئاتا قىلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس دەپ، ھاجەرنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئېلىپ بەردى. ئۇزۇن ئۆتمەي ھاجەردە ھامىلىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. توققۇز ئاي ئون كۈن توشۇپ ھاجەر بىر ئوغۇل تۇغدى. بۇنىڭغا قاتتىق خۇشال بولغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلىغا ئىسمائىل دەپ ئىسىم قويدى.

ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىغا بولغان سۆيگۈسىنى كۆرگەن ھەزرىتى سارە، ئېرىم ئەمدى مېنى ياخشى كۆرمەي ھاجەرنى ياخشى كۆرىدىغان بولدى دەپ، كۈنلۈكى تۇتۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن بۇ خوتۇننى بالىسى بىلەن كۆزۈمدىن يىراقلاشتۇرغىن دەپ تۇرىۋالدى. ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمەت ۋە ئىرادىسى بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئايالى ھاجەر بىلەن بالىسىنى ئەرەبىستان چۆلىگە ئاپىرىپ قويۇشنى ئەمرى قىلدى. ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بويىچە ئايالى ھاجەر بىلەن يېڭى تۇغۇلغان بالىسى ئىسمائىلنى ئېلىپ يولغا چىقتى. ئۇ مەككىگە كېلىپ بۈگۈنكى كەبىنىڭ يېنىدا توختىدى. بۇ يەر شۇنداق قاقاس چۆل ئىدىكى، نە ئادەم زات، نە ئۆسۈملۈك، نە سۇ ھېچنەرسە يوق ئىدى. ئەتراپى ئاپتاپتىن كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن تاغلار بىلەن ئورالغان پايانسىز چۆل ئىدى.

ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ھاجەرنى ۋە يۇرەك پارىسى ئوغلىنى تۆگىدىن چۈشۈرۈپ، يېنىدا ئېلىپ كەلگەن ئازراق ئوزۇقلۇق بىلەن سۇنى بېرىپ، لام جىم دېمەستىن تۆگىسىگە مىنىپ كەتمەكچى بولدى. بۇ ئەھۋالغا ھەيران قالغان ھاجەر تۆگىنىڭ چۇلۇۋۇرغا

ئىسىلىپ، بىزنى بۇ يەردە تاشلاپ نەگە كېتىسىز؟ دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام جاۋاب بەرمىدى. ھاجەر: نېمىشقا بىزنى بۇ چۆلگە تاشلىۋەتمەكچى بولدىڭىز؟ بىز بۇ يەردە قانداق ياشايمىز؟ دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام جاۋاب بەرمىدى. ھاجەر: ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىمىسىمۇ مۇ بوۋاققا ئىچىڭىز ئاغرىمامدۇ؟ دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يەنە جاۋاب بەرمىدى. ھەزرىتى ھاجەر ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن بۇنداق قىلمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ پەيغەمبەر بولغانلىقىنى، پەيغەمبەر ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ: بىزنى بۇ يەرگە تاشلاپ قويۇشنى ئاللاھ بۇيرىدىمۇ؟ دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: «ھەئە» دېدى. ھەزرىتى ھاجەر: ئۇنداق بولسا كېتىۋېرىڭ، ئاللاھ بىزنى زايە قىلمايدۇ، دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ھاجەرنى بالىسى بىلەن تاشلاپ كەتتى. ئۇلاردىن يىراقلاشقاندىن كېيىن يولدا ئاللاھ تائالاغا مۇنداق دۇئا قىلدى: ﴿رَّبَّنَآ إِنِّيٓ أَسۡكَنتُ مِن ذُرِّيَّتِي بِوَادٍ غَيۡرِ ذِي زَرۡعٍ عِندَ بَيۡتِكَ ٱلۡمُحَرَّمِ رَبَّنَا لِيُقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ فَٱجۡعَلۡ أَفۡـِٔدَةٗ مِّنَ ٱلنَّاسِ تَهۡوِيٓ إِلَيۡهِمۡ وَٱرۡزُقۡهُم مِّنَ ٱلثَّمَرَٰتِ لَعَلَّهُمۡ يَشۡكُرُونَ ۝ رَبَّنَآ إِنَّكَ تَعۡلَمُ مَا نُخۡفِي وَمَا نُعۡلِنُۗ وَمَا يَخۡفَىٰ عَلَى ٱللَّهِ مِن شَيۡءٖ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَلَا فِي ٱلسَّمَآءِ﴾ **«پەرۋەردىگارىمىز! ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى (يەنى بالام ئىسمائىل بىلەن ئايالىم ھاجەرنى) ناماز ئوقۇسۇن (يەنى ساڭا ئىبادەت قىلسۇن) دەپ، سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا (يەنى مەككىگە) ئورۇنلاشتۇردۇم، پەرۋەردىگارىمىز! بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن،**

**ئۇلارنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگىن. پەرۋەردىگارىمىز! سەن بىزنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىمىزنى بىلىپ تۇرىسەن، ئاسمان ـ زېمىندىكى ھېچ نەرسە ئاللاھقا مەخپىي ئەمەس.»** [سۈرە ئىبراھىم: 37-38 ئايەتلەر]

ھەزرىتى ھاجەر نە ئۆي، نە سايە، نە ئادەم ھېچنەرسە يوق قاقاس چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا قۇچىقىدىكى بوۋاق بىلەن يالغۇز قالدى. ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىپ، تائەت ـ ئىبادەت بىلەن بىر نەچچە كۈننى ئۆتكۈزدى. ئىچىدىغان سۇ، يەيدىغان ئوزۇق ھېچنەرسە قالمىدى. ئاچلىق، ئۇسسۇلۇقىا چىداپ سەۋر قىلدى، لېكىن ئەمچىكىدە بالىسىنى ئېمىتكۈدەك سۈت قالمىدى. بوۋاق ئاچلىقتىن تولغىنىپ يىغلايتتى، ھەزرىتى ھاجەر ھېچ قىلىپ بالىسىنى پەسەيتەلمەيتتى. بالىسىنىڭ يىغىسىغا چىدىيالماي، بالىنى قويۇپ، بەلكى بىرەر كىشىنى كۆرۈپ قالارمەن ياكى يەيدىغان بىرەر نەرسە تېپىلىپ قالار دېگەن ئۈمىد بىلەن سايا تېغىغا چىقتى. تۆت ئەتراپقا قارىدى، نە بىر ئىنسان نە سۇ ھېچنەرسە يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردىن چۈشۈپ يۈگۈرۈپ مەرۋە تېغىغا چىقتى، ئۇ يەردىمۇ ھەممە تەرەپكە قاراپ ھېچنەرسە كۆرەلمىدى. شۇنداق قىلىپ ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدا يەتتە قېتىم ئايلاندى. يەتتىنچى قېتىم مەرۋە تېغىغا چىققاندا بالىسىنىڭ ئۈنى ئۆچۈپ كەتتى. بالام جان ئۈزگەن ئوخشايدۇ دەپ، يۈگۈرۈپ بالىنىڭ يېنىغا كەلسە بالىنىڭ تاپىنى تەككەن يەردىن سۇ چىقىۋاتقۇدەك. بۇنىڭغا قاتتىق خۇشال بولغان ھەزرىتى ھاجەر ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىپ، سۇنى ئېقىپ كەتمىسۇن دەپ «زەمزەم، زەمزەم»

دەپ ئەتراپىنى تۇسىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ سۇ زەمزەم سۈيى دەپ ئاتالدى. ھەزرىتى ھاجەر سۇدىن ئۆزى ئىچتى، بالىسىغا ئىچۈردى. بۇ سۇنىڭ خۇسۇسىيىتى ئاچ قالغان كىشى ئىچسە تويغۇزاتتى، كېسەل ئىچسە شىپالىق بولاتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«زەمزەم سۈيىنى قايسى نىيەت بىلەن ئىچسە شۇنىڭغا پايدىلىق بولىدۇ»** دېگەن[ھەسەن دەرىجىلىك ھەدىس].

ھەزرىتى ھاجەر زەمزەم سۈيى بىلەن ئوزۇقلىنىپ، ئاللاھ تائالاغا تائەت ئىبادەت بىلەن كۈنلىرىنى ئۆتكۈزدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە يولدىن ئۆتكەن جۇرھۇم ئەرەب كارۋانلار ئېزىقىپ كېتىپ، سۇ ئىستەپ ھەزرىتى ھاجەرنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدى. ئۇلار سۇ ئىچىپ يېنىدىكى يېمەكلىكلەردىن ھەزرىتى ھاجەرگە بېرىپ كەتتى. كېيىن ئۇلار يەنە كېلىپ، ھەزرىتى ھاجەردىن يېنىدا بىرگە ياشاشقا رۇخسەت سورىدى. ھاجەر رۇخسەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن جۇرھۇم قەبىلىسى كۆچۈپ كېلىپ ھاجەرنىڭ يېنىغا يەرلەشتى. ئۆيلەر بىنا قىلدى. شۇنداق قىلىپ چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادەم ياشايدىغان بىر شەھەر مەيدانغا كەلدى. ئۇ بولسىمۇ بۈگۈنكى مەككە مۇكەررەمە شەھىرىدۇر.

ھەزرىتى ھاجەر ئوغلى ئىسمائىلنى ياخشى تەربىيىلەپ ئۆستۈردى. ئىسمائىل چوڭ بولدى. مەككىگە كۆچۈپ كەلگەن جۇرھۇم قەبىلىسىدىن ئەرەبچە ئۆگەندى. ئۇ ئون ياشلارغا كىرگەندە دادىسى ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى يوقلاپ كەلدى. ئاللاھ تائالا ئوغلى ئىسمائىلنى قۇربانلىق قىلىشنى بۇيرۇدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھاجەرگە ئوغلىنىڭ ئىزنى كىيىندۇرۇپ تەييارلاڭ، ئۇنى بىر

دوستىنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارىمەن، دېدى. ھەزرىتى ھاجەر بالىسىنى تاييارلاۋاتقاندا شەيتان مويسىپىت بىر كىشىنىڭ سۈرىتىدە كېلىپ «ئىبراھىم ئوغلىڭىزنى قەيەرگە ئاپىرىدۇ، بىلەمسىز؟» دېدى. ھاجەر «دوستى بىلەن كۆرەشتۈرگىلى ئېلىپ بارىدۇ» دېدى. شەيتان: «ئىبراھىمنىڭ دوست دېگىنى ئاللاھ، ئۇنى ئاللاھ ئۈچۈن قۇربانلىق قىلغىلى ئېلىپ بارىدۇ» دېدى. ھەزرىتى ھاجەر: «ھېلىغۇ بىر بالام ئىكەن، ئاللاھ ئۈچۈن ئون بالام بولسىمۇ ھەممىنى پىدا قىلىمەن» دېدى. مەلئۇن شەيتان ھەزرىتى ھاجەرنى ئازدۇرالماي نائۇمىد بولۇپ كۆزدىن غايىپ بولدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئوغلى ئىسمائىلنى مىناغا ئېلىپ بېرىپ ياتقۇزۇپ گېلىغا پىچاق سۈردى، لېكىن پىچاق كەسمىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئورنىغا بىر قوچقارنى پىديە قىلىپ بەردى. ئىسمائىل بالاغەتكە يەتكەندە جۇرھۇملارنىڭ قىزى بىلەن ئۆيلەندۈردى.

ھەزرىتى ھاجەر ئاللاھ ئۈچۈن قۇربان بولغان كىشىنىڭ ئانىسى، ئەدنانلىق ئەرەبلەرنىڭ ئانىسى دېگەن ناملارغا ئېرىشتى. بۇ ئۇلۇغ ئايال پۈتۈن ئۆمرىنى ئاللاھ تائالاغا تائەت ئىبادەت قىلىپ ۋە ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن بەجا كەلتۈرۈپ ياشىدى. ئۇ ئۈلگە ئانا، ئېرىگە ئىتائەتمەن خوتۇن، كۈچلۈك مۆئمىنە ئىدى. ئۇ ئاللاھ تائالاغا خالىس نىيەت بىلەن چىڭ ئىشەنچ قىلىپ، يالغۇزلۇققا، غېرىبلىققا سەۋر قىلىپ، ئېرىنىڭ كۆزىنى ئارقىسىدا قويمىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ سەمىمىي ئىخلاسى ۋە يۈكسەك تەقۋادارلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق ئاتا قىلدى. ﴿وَمَن يَتَّقِ ٱللَّهَ يَجۡعَل لَّهُۥ مَخۡرَجٗا ۝ وَيَرۡزُقۡهُ مِنۡ حَيۡثُ لَا يَحۡتَسِبُۚ وَمَن يَتَوَكَّلۡ

**عَلَى ٱللَّهِ فَهُوَ حَسۡبُهُۥٓ﴾ «كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ، كىمكى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ...»**
[سۇرە تالاق: 2- ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

ئاللاھ تائالا ھەزرىتى ھاجەرنىڭ ئىشلىرىنى قەدىرلەپ ساپا تېغى بىلەن مەرۋە تېغى ئارىسىدا يۈگۈرگەنلىرىنى ھەج ئىبادىتىنىڭ بىر پارچىسى قىلدى.

ھەزرىتى ھاجەر 90 يېشىدا ۋاپات بولدى. ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئانىسىنى بەيتۇللاھنىڭ يېنىغا دەپنە قىلدى. ئاللاھ تائالا بۇ ئۇلۇغ ئانا ھەزرىتى ھاجەردىن رازى بولسۇن، ئاللاھ بىزلەرنى بۇ ئۇلۇغ ئانىمىزنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىپ چىن مۇئمىن، ھەقىقىي ئىخلاسمەن بولغىلى نېسىپ قىلسۇن.

# ھەدىس ئالىمى ھەفسە بىنتى سىرىن

ئالدى بىلەن بىر سۆزنى ئىزاھلاپ ئۆتەيلى: رەسۇلۇللاھ ھايات ۋاقتىدا مۇسۇلمان بولغان ياكى تۇغۇلغان رەسۇلۇللاھنى كۆرگەن زاتلار «ساھابە» دەپ ئاتىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغاندىن كېيىن تۇغۇلغان ياكى مۇسۇلمان بولغانلار «تابىئىي» دەپ ئاتىلىدۇ. تابىئىي سۆزىنىڭ كۆپلۈك شەكلى «تابىئىين» دۇر. تابىئىين دەۋرىدە سالىھە-ياخشى ئايال دېگەن نامغا لايىق بولغان، ئۆز زامانىنىڭ كاتتا كىشىلىرىدىن بولغان ھەزرىتى ھەفسە بىنتى سىرىننىڭ قاچان تۇغۇلغانلىقى ھەققىدە مەنبەلەردە ئېنىق مەلۇمات يوق. لېكىن ئۇنىڭ ھىجرىيىنىڭ 101-يىلى 70 ياشتا ۋاپات قىلغانلىقى قەيت قىلىنغان.[23] بۇنىڭغا كۆرە ھەزرىتى ھەفسەنىڭ ھىجرىيىنىڭ 31- يىلى تۇغۇلغان بولۇشى لازىم. بۇ ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدۇر.

ھەزرىتى ھەفسە ئىلىم ئىرپان مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان بەسرە شەھرىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكى ۋە سىرىن ئائىلىسىگە مەنسۇپ بولغانلىقى ھەزرىتى ھەفسە ئۈچۈن قانچىلىك چوڭ بىر نېمەت بولغانلىقىنى ۋە ھەفسىنىڭمۇ بۇ نېمەتنىڭ قەدرىنى بىلىپ، ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلانغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈردۇر.

---

23 سىيەر ئەئلامىننۇبەلائ، ئىمام زەھەبى.

هەزرىتى ھەفسە بىنتى سىرىن ھەم دادا تەربىيىسىدىن ۋە ھەم ئانا تەربىيىسىدىن كەمتەر ۋە ئېسىل ئائىلىدىن كېلىدۇ.

ئۇنىڭ دادىسى سىرىن ساھابە كىراملاردىن ھەزرىتى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇللۇقتىن ئازات قىلىۋەتكەن كىشىدۇر.

ئۇنىڭ ئانىسى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئازات قىلىۋەتكەن ئايالدۇر. بەسىرىلىك بولغان بۇ ئېسىل ئايال -ھەفسە، ھەم دادىسى ۋە ھەم ئانىسى ساھابىلەرنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن ئۇلۇغ ئائىلىدە دۇنياغا كېلىپ، گۇناھ-مەسىيەتلەردىن ۋە يامان ئوي-پىكىرلەردىن يىراق ھالەتتە ئۆسۈپ يېتىلگەن. چۈنكى سىرىن ئائىلىسى ئەدەپ ئەخلاق ۋە تەربىيىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدىكى ئائىلە ئىدى. بۇ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى بۇ ئىلىم ۋە ئەدەپ مەنبەئى بولغان ئائىلىدىن نېسىۋىسىنى ئالغان زاتلار ئىدى.

مەسىلەن: ئىمام ئەھمەد سىرىننىڭ ئوغلى مۇھەممەد قاتتىق ئەدەپلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئانىسىنىڭ ئالدىدا گەپ قىلالمايدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان.[24]

هەزرىتى ھەفسە بىنتى سىرىن ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى: (مەن جىنلار بىلەن ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا قۇلچىلىق قىلسۇن دەپ ياراتتىم)[25] دېگەن ئايىتىنى، خۇددى ئۆزىگە مەخسۇس چۈشۈرۈلگەندەك ئىمان كەلتۈرۈپ، كىچىك يېشىدا قۇرئان كەرىمنى ئۆگەندى ۋە كامىل بىر مۇسۇلمان قىز ۋە مۇسۇلمان ئايالنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى پۈتۈن

24 كىتابۇززۇھد، ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل.

25 زارىيات 56- ئايەت.

دۇنياغا كۆرسىتىشكە باشلىدى.

ھەزرىتى ھەفسە 12 يېشىدا قۇرئان كەرىمنى تولۇق يادلاپ بولدى. ئۇ قۇرئانغا شۇنچىلىك پىششىق ئىدىكى ئەينى زاماننىڭ بۈيۈك فىقھى ئالىمى بولغان ئۆكىسى مۇھەممەد ئىبنى سىرىن قۇرئان كەرىمنىڭ بەزى ئايەتلىرىنى قانداق ئوقۇش ھەققىدە سورىغان كىشىلەرگە، بۇنى بېرىپ ھەفسىگە سوراڭلار ۋە ئۇنىڭدىن بۇ ئايەتلەرنىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقىنى ئۆگىنىڭلار، دەيتتى.[26] بۇ ھەزرىتى ھەفسەنىڭ قۇرئان ئىلمىدە قانچىلىك بىلىملىك بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ھەزرىتى ھەفسە بىنتى سىرىن تائەت -ئىبادەتتە، فىقھى ئىلمىدە، قۇرئان كەرىم قىرائەت ئىلمىدە مەشھۇر بولغاننىڭ تېشىدا، ھەدىس ساھەسىدىمۇ ئىلمىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن داڭ چىقارغان.

ھەدىس ئالىملىرىنىڭ كاتتىلىرىدىن بولغان ئىبنى مەئىين: ھەزرىتى ھەفسە ئىشەنچلىك ۋە ھەدىسى ھۆججەت قىلىنىدىغان زاتتۇر، دېگەن. ھەدىس ئالىملىرىنىڭ بۇ سۆزى، ھەدىس رىۋايەت قىلغان كىشىلەرگە بەرگەن باھا بولۇپ، بۇ باھاغا ئېرىشكەن كىشىلەر رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەر مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە دىنى ھۆكۈملەردە ئۇ ھەدىس ھۆججەت قىلىنىدۇ. بۇ ناھايىتى چوڭ شەرەپ.[27]

ھەزرىتى ھەفسە بىنتى سىرىن ھەدىس ئىلمىنى قېرىندىشى يەھيا ئىبنى سىرىن، ئەنەس ئىبنى مالىك،

---

26 سىيەرۇ ئەئلامىننۇبەلائ، ئىمام زەھەبى.

27 تەھزىبۇتتەھزىب، ئىبنى ھەجەر.

ئۇمـمۇ ئەتىيـە ئەنسـارىيە، ئۇمـمۇ رائىـھ ۋە ئەبۇ ئەلـى قاتارلىـق زاتلاردىــن ئۆگەنگــەن ۋە ئۇلاردىــن ھەدىــس رىۋايــەت قىلغــان.

مۇھەممــەد ئىبنــى سىــرىن، قەتــادە، ئاســىم ئــەل ئەھــۋەل ئەييۇب، خالىــد ئىبنــى ئــەۋن، ھىشــام ئىبنــى ھەسسـانغا ئوخشـاش چـوڭ ھەدىـس ئالىـملىـرى ھەزرىتـى ھەفسـە بىنتـى سىــرىندىن ھەدىــس رىۋايــەت قىلغــان.

ھەزرىتى ھەفسـەنىڭ ھەدىس رىۋايىتى ۋە ھەدىس ئىلمىنىڭ چوڭقۇرلىقى ھەققىدە كاتتىا ئالىـملاردىـن يەھيـا ئىبنـى مەئىـن ۋە ئەھمـەد ئىبنـى ئابدۇلـلاھ: «ئۇ ئىشـەنچلىك ۋە ھۆججەتتۇر» دېگـەن. بۇنىڭدىـن باشـقا ئىمـام ئىبنـى ھىببـان «سـىقات (يەنى ئىشـەنچلىك راۋىلـەر)» ناملىـق كىتابىـدا، ھەزرىتـى ھەفسـىنى تىلغـا ئېلىـپ، ئۇنىـڭ ھەدىـس ھەققىدىكـى ئىلمىنىـڭ كۆپلۈكـى ۋە قىممىتىنـى بايـان قىلغـان. كۇتۇبى سـىتتە (يەنى ئالتـە ھەدىـس كىتابـى) ئىماملىـرى كىتابلىرىـدا ھەزرىتـى ھەفسـە بىنتـى سىـرىننىڭ ھەدىسلىـرىگە ئـورۇن بەرگەنـدۇر.

ئاساسـىي مەنبەلـەر ھەزرىتـى ھەفسـە بىنتـى سىـرىننىڭ تائەت-ئىبادىتـى ھەققىـدە مەلۇمـات بېرىـدۇ. مەھـدى ئىبنـى مەيمـۇن ئۇنىـڭ ئىبادىتـى ھەققىـدە مۇنـداق دەيـدۇ: «ھەفسـە بىنتـى سىـرىن ئوتتـۇز يىـل بويىچـە كېچىسـى ئۇخلىمـاي ئىبـادەت قىلـدى. ئۇ كۈنـدۈزى چۈش ۋاقتىلىرىـدا بىـر ئىككـى سـائەت ئۇخلايتتـى. قاتتىـق ئېھتىياجى بولمىغىچـە ئۆيىدىـن تاشـقىرى چىقمايتتـى ۋە ۋاقتىنـى ھەرگىـز بىكار ئۆتكۈزمەيتتى. نامازگاھىنـى پەقـەت ئىنسـانىي ھاجىتىنـى ئادا قىلىـش ۋە بىـر ئـاز دەم ئېلىـش ئۈچۈنـلا تـەرك ئېتەتتـى.»

دېمـەك، ھەزرىتـى ھەفسـە بىنتـى سىـرىن بىـر يـەردە ئوتتـۇز

يىل ياشىغان ۋە بۇ مۇددەت ئىچىدە نامازگاھىنى تەرك ئەتكەنلىكى كۆرۈلمىگەن. ھەزرىتى ھەفسە بۇ ئىشى بىلەن تائەت-ئىبادەتنى كۆپ قىلغانلىقىنىڭ سىرتىدا ئاللاھ تائالانىڭ ئاياللارغا بۇيرۇغان تەسەتتۇر مەسىلىسىگە قانچىلىك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَرْنَ فِي بُيُوتِكُنَّ وَلَا تَبَرَّجْنَ تَبَرُّجَ الْجَاهِلِيَّةِ الْأُولَى وَأَقِمْنَ الصَّلَاةَ وَآتِينَ الزَّكَاةَ وَأَطِعْنَ اللَّهَ وَرَسُولَهُ﴾ **(ئەي ئاياللار! ئۆيلىرىڭلاردا ئولتۇرۇڭلار، بۇرۇنقى جاھىلىيەت زامانىدىكى ئاياللارنىڭ زىبۇ زىننەتلىرىنى كۆرسىتىپ يۈرگىنىگە ئوخشاش يۈرمەڭلار. نامازنى ئۆز لايىقىدا ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، ئاللاھقا ۋە رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار...)**[28]

كۈنىمىزدىكى ئەر ۋە ئايال مۇسۇلمانلارنىڭ پۈتكۈل يامان ئىشلاردىن يىراق بولغان بۇ ئەللامە ئايالنى ئۆزلىرىگە ئۆلگە قىلىپ، ئىسلامىي قىممەت قارىشىنى ۋە تائەت-ئىبادەتلىرىنى ئىسلاھ قىلىشقا موھتاج.

ھەزرىتى ھەفسە بىنتى سىرىن ياشلارغا ناھايىتى مۇھىم نەسىھەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ھىشام ئىبنى ھەسسان مۇنداق دەيدۇ: ھەفسە بىنتى سىرىن بىزگە مۇنداق تەۋسىيە قىلغان ئىدى: «ياشلىقىڭلاردا ئۆزەڭلارغا ئىگە بولۇڭلار، ئىبادەتلەرنى ئىھمال قىلماڭلار، چۈنكى مەن ياشلىقتا قىلغان ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ ياخشى ئىبادەت بولغانلىقىنى كۆردۈم.»

ھەزرىتى ھەفسە بىنتى سىرىننىڭ بىر كېچىدە

28 ئەھزاب سۈرىسى: 33- ئايەت.

قۇرئان كەرىمنىڭ يېرىمىنى ئوقۇيدىغانلىقى، روزا ھېيت، قۇربان ھېيت كۈنلىرىدىن باشقا يىلنىڭ پۈتۈن كۈنلىرى ھەممىسىدە روزا تۇتىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ كېچىلىرىنى يىغلاپ ئۆتكۈزۈدىغانلىقى بارلىق ئەسەرلەردە نەقىل قىلىنىدۇ. ھىشام ئىبنى ھەسسان مۇنداق دەيدۇ: ھەفسە بىنتى سىرىن سىندىلىك بىر ئايال قۇلنى سېتىۋالغان ئىدى. ئۇ قۇل ئايالدىن: سىز خوجايىنىڭىزدىن رازىمۇ ئەمەسمۇ؟ دەپ سورىغانلارغا، ئۇ مۇنداق جاۋاب بەرگەن: خوجايىنىم ناھايىتى سالىھە ياخشى ئايال. لېكىن ئۇنىڭ بىر ئەيىبى بار. ئۇ بولسىمۇ پۈتۈن كېچىنى ناماز ئوقۇش ۋە يىغلاش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ.

ھەزرىتى ھەفسە بىنتى سىرىن ھەدىس ئۆگەنگەن كىشىلەردىن بىرى ئۇممۇ ئەتىيەدۇر. بۇ ساھابە ئايالنىڭ يەنە بىر ئىسمى نەسىبە بىنتى كەئب. بۇ ئۇلۇغ ئايال رەسۇلۇللاھقا بەيئەت قىلغان ئاياللارنىڭ بىرى ئىدى. تىرمىزى بۇ ئايالنىڭ كېسەللەرنى داۋالايدىغان بىر دوختۇر، يارىلارنى تاڭىدىغان بىر تېگىقچى بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىدىن ھەزرىتى زەينەپ بىنتى جەھش ۋاپات بولغاندا بۇ ئايال ئۇنى يۇيۇپ تارىغان ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى جان-دىل بىلەن ئورۇنلىغان. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆلۈكلەرنى يۇيۇپ تاراش ھەققىدىكى بۇيرۇقلىرىنى بىر-بىرلەپ رىۋايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇممۇ ئەتىيەنىڭ بۇ ھەقتىكى ھەدىسى فىقھى ئىلمىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك مەنبەلىرىدىن بىرى بولغان. ئۇممۇ ئەتىيەنىڭ

ھەدىسلىرىنى رىۋايەت قىلغانلار ئىككى قېرىنداش بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ھەفسە بىنتى سىرىن، يەنە بىرى ئۇكىسى مۇھەممەد ئىبنى سىرىندۇر. بۇخارىدە مۇھەممەد ئىبنى سىرىن ئىسىمدە ساقلىيالمىغان ھەدىسلەرنى ھەفسە بىنتى سىرىننىڭ تولۇقلىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ئۇلۇغ ئايالغا رەھمەت قىلسۇن ۋە جايىنى جەننەت قىلسۇن، ئامىين!

# مەككىگە سۇ ئەكەلگەن ئايال-زۇبەيدە خېنىم

ھەزرىتى زۇبەيدە خېنىم خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ ئايالى، ئابباسىيە خەلىپىلىكىنىڭ قۇرغۇچىسى ئەبۇ جەئفەر مەنسۇرنىڭ نەۋرىسىدۇر.

ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسمى ئەمەتۇل ئەزىز بىنتى جەئفەر مەنسۇر ھاشىمىيەدۇر. ئۇنىڭ بەدىنى قاتتىق ئاق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى قېتىقتا ئوخشىتىپ، زۇبەيدە دەپ كۈنيە قويغان.

ھەزرىتى زۇبەيدە خېنىم ئابباسىيە خەلىپىلىكىدىكى ئەڭ داڭلىق ۋە ئەڭ مۇھىم ئايال ئىدى. ئۇنىڭ خەلىپىلىكتىكى رولى ناھايىتى چوڭ بولغاندۇر. بۇ يەردە «ھەر قانداق بۈيۈك ئەرنىڭ ئارقىسىدا بىر ئايال بار» دېگەن مىسال ئەقىلگە كېلىدۇ.

خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ ئارقىسىدا ئىككى ئايال بار ئىدى. بىرى ئانىسى خەيزران خېنىم، ئىككىنچىسى ئايالى زۇبەيدە خېنىمدۇر. خەلىپە ھارۇن رەشىد ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى، شۇڭا ئۇنىڭغا چوڭ نوپۇز بەرگەن ئىدى. ئۇ ھارۇن رەشىدنىڭ ئاياللىرىنىڭ بىرىنچىسى ئىدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ نۇرغۇن مۇناسىۋەتلەردە ئېرىگە يول كۆرسىتەتتى ۋە ۋەقەلەردە ئۆتكۈر پىكىرلىرى بىلەن ئېرىگە ياردەمچى بولاتتى. ھەقىقەتتە ئۇ ئايال دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تىزگىنىنى قولىدا تۇتاتتى.

ھەزرىتى زۇبەيدە خېنىم شېئىر ـ ئەدەبىيات ۋە ئىلىمگە بەك ئەھمىيەت بېرەتتى. بۇ يولدا نۇرغۇنلىغان مال-مۈلكىنى تۆكۈپ تاشلىغان، باغداتقا يۈزلەرچە شائىر، ئەدىب ۋە ئالىملارنى توپلاپ، ئۇلارنىڭ بارلىق ئېھتىياجلىرىنى ۋە تەتقىقات ماتىرىياللىرىنى تولۇقلاپ بەرگەن ئىدى. شۇ چاغدا مەشھۇر بولغان داڭلىق شائىرلار: ئاببباس ئىبنى ئەھنەف، ئەبۇ ناۋاس، مۇسلىم ئىبنى ۋەلىد، ئەبۇل ئەتاھىيە، ھۇسەين ئىبنى زەھھاك قاتارلىقلار ئىدى. ھېكايە ۋە روماندا، خەلەف ئەھمەر، نەسىر ئەدەبىياتى پېشىۋاسى جاھىز، تىل ئالىملىرى: خەلىل ئىبنى ئەھمەد، سىبىۋەيھ، ئەخفەش ۋە ئەبۇ ئەمىر ئىبنى ئەلائ قاتارلىقلار، دىنى بىلىمدە، ئىمام ئەئزەم ئەبۇ ھەنىفە، ئىمام ئەۋزائى، ئىمام مالىك قاتارلىقلاردۇر. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە رەھمەت قىلسۇن. بۇنىڭدىن باشقا مېدىتسىنادا كۆپلىگەن دوختۇرلار، ئىلىم-پەننىڭ ھەر ساھەسىدە يېتىشكەن داڭلىق ئالىملار كۆپ ئىدى. ھەزرىتى زۇبەيدە خېنىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلىم ـ پەندە تەرەققى قىلىشى ئۈچۈن ھېساپسىز مال دۇنيا سەرپ قىلغانلىقى سىرتىدا، باغداتنى ئىلىمنىڭ قىبلىسى ۋە ئالىملارنىڭ مەركىزى قىلىش ئۈچۈن خەزىنىلىرىنىڭ ئىشىكىنى ئاخىرىغىچە ئېچىۋەتكەندۇر.

ھەزرىتى زۇبەيدە خېنىم ھارۇن رەشىدنىڭ ھەقىقىي دوستى ۋە سىردىشى بولۇپ، داۋاملىق ئېرىگە ياخشى ۋە پايدىلىق پىكىرلەرنى بېرىپ، كىشىلەرگە ئۇ پىكىرلەرنى ئېرى خەلىپىنىڭ پىكرى قىلىپ كۆرسىتىپ، ئېرىنىڭ خەلق ئارىسىدىكى يۈز ئابرۇيىنى يۇقىرى كۆتۈرەتتى.

ئۇ ئالاھىدە ئايال ئىدى:

ھەزرىتى زۇبەيدە خېنىم خەلىپىنىڭ سەپەرلىرىدە يېنىدا بولۇپ، خىزمىتىنى قىلاتتى. تارىخچىلار: خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ كۆپ ھەج قىلىدىغانلىقىنى، باغدات بىلەن مەككەنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن يولنى پىيادە بېسىپ ئۆتىدىغانلىقىنى، ھەزرىتى زۇبەيدە خېنىمنىڭ بۇ ھەج سەپىرىنىڭ بىرىدە ئېرى بىللە ئىكەنلىكىنى، ھاجىلارنىڭ سۇ تاپالماي قىيىنالغانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى، ئۇ چاغدا بىر قاچا سۇنىڭ بىر دىنارغا سېتىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا كىرىشكەنلىكىنى يازىدۇ.

بۈيۈك تارىخچى ئەبۇل فەرەج ئىبنى جەۋزى مۇنداق دەيدۇ: ھەزرىتى زۇبەيدە خېنىم مەككىدىكى سۇ قىيىنچىلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۇستىلارنى توپلاپ، مەككە مۇكەررەمەگە تېز سۈرئەتتە سۇ ئېلىپ كېلىش ئىشىنى تەتقىق قىلىشنى بۇيرىدى. ئۇستىلار: بۇ ئىشنىڭ ناھايىتى قىيىنلىقىنى، ئونلارچە مىل مۇساپىنى كولاپ، تاغلارنى تېشىپ قانال ئېچىش كېرەكلىكىنى ۋە بۇ ئىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان چىقىم كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ھەزرىتى زۇبەيدە خېنىم ۋەكىلىنى چاقىرىپ بۇ پىلاننى دەرھال ئىجرا قىلىشنى، بىر كەتمەن سېلىش ئۈچۈن بىر دىنار كەتسىمۇ بۇ ئىشنى پۈتتۈرۈشنى بۇيرىدى. ئاندىن مالىيە مەسئۇلىنى چاقىرىپ، ئۇستىلارنىڭ تاغ باغرىدىكى سۇ مەنبەلىرىگە بېرىپ مەككىگە سۇ يەتكۈزۈشكە كېتىدىغان پۈتكۈل چىقىملىرىنى مۇكاپاتلىرى بىلەن قوشۇپ بېرىشنى بۇيرىدى. مۇشۇنداق قىلىپ، ئون مىللارچە يىراق تاغلارنىڭ ئارقىسىدىن، قورام تاشلارنىڭ تېگىدىن كارىز كولاپ،

ئىرىق ئىچىپ، تاغ ـ داۋانلارنى ئېشىپ، پايانسىز چۆللەردىن ئۆتكۈزۈپ، مەككە مۇكەررەمەگە سۇ ئېلىپ كەلدى. ھەزرىتى زۇبەيدە خېنىمنىڭ ئاچتۇرغان بۇ سۇ قانىلى ھازىرمۇ مەۋجۇد بولۇپ، «نەھر زىبيدە (زۇبەيدە ئۆستىڭى)» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مەككىدە بىر نەچچە يەردە قۇدۇق قازدۇردى. ئۇ قۇدۇقلارمۇ كۇنىمىزغىچە «زۇبەيدە قۇدۇقى» دەپ ئاتىلىپ كەلدى. بۇنىڭدىن باشقا مەككە بىلەن باغدات يولى ئارىسىدا كۆپلىگەن يەردە قۇدۇق كولاتتى، ئۆيلەر سالدۇردى ۋە فابرىكىلار قۇرغۇزدى. ھەزرىتى زۇبەيدە خېنىم باغداتتا بىر نەچچە مەسجىد ۋە ساراي ياساتتى.

ھەزرىتى زۇبەيدە خېنىمنىڭ ھېلىقى ھەجدە 60 كۇندە ئاللاھ يولىدا بىر مىليون تەڭگە چىقىم قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ھەزرىتى زۇبەيدە خېنىم ھەر كۇنى مىڭلارچە تىللا چىقىم قىلاتتى ۋە «ئاللاھنىڭ ساۋابى ھېساپسىزدۇر» دەيتتى.

خەتىب باغدادى: «باغداتنىڭ تارىخى» دېگەن كىتابىدا ھەزرىتى زۇبەيدە خېنىمنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ياخشىلىق يولىغا، پەزىلەتلىك كىشىلەرگە ۋە ئەھلى ئىلىملەرگە ياردەم بېرىش، نامرات-مىسكىنلەرگە خەيرى ئېھسان قىلىش بىلەن تونۇلغاندۇر. ئۇنىڭ مەككە يولىدا ياساتقان فابرىكىلىرى كۆپتۇر. ئۇ مەككە يولىدا كۆپلىگەن يەرگە كۇنىمىزدىكى مېھمان كۇتۇشكە ئوخشايدىغان سارايلارنى ياساتقان. مەلۇمكى، ئۇسساپ قالغان بىر ئادەمنى، ياكى بىر ھايۋاننى سۇغا تويغۇزۇش ياكى قۇدۇق كولاش، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ناھايىتى ساۋاپلىق ئىشتۇر. مۇسۇلمانلارنى بۇنداق ياخشى ئىشقا ئۇندەيدىغان ۋە مۇشۇنداق

پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدىغان ھەدىسلەر كۆپ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **(كىمكى زەررىچىلىك بىر ياخشىلىق قىلسا ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك بىر يامانلىق قىلسا، ئۇنىڭ جازاسىنى كۆرىدۇ.)**[29]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەم بىر يولدا كېتىۋاتقاندا ئىسسىقتىن قاتتىق ئۇسساپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يولدا بىر قۇدۇق ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭغا چۈشۈپ سۇ ئىچىپ چىقىشىغا بىر ئىتنى كۆردى. ئۇ ئىت قاتتىق ئۇسساپ كەتكىنىدىن توپىنى چىشلەپ، ھالسىراپ تۇراتتى. ئادەم ئۆز ئۆزىگە: بۇ ئىت مەن ئۇسساپ كەتكەندەك قاتتىق ئۇسساپ كېتىپتۇ، دېدى - دە، قۇدۇققا چۈشۈپ ئۆتۈكىنى سۇغا تولدۇرۇپ، ئۇنى ئاغزىدا چىشلەپ، قۇدۇقتىن چىقىپ ئىتنى سۇغاردى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلدى.» ساھابە كىراملار: يا رەسۇلەللاھ! ھايۋانلارغا ياخشىلىق قىلىشتىمۇ ساۋاپ بارمۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم **«ھەر قانداق جان ئىگىسىگە قىلغان ياخشىلىقتا ساۋاپ بار»**[30] دېدى.

ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلىرىگە چىن قەلبىدىن ئەمەل قىلغان ھەزرىتى زۇبەيدە باغدات بىلەن مەككە

29 زەلزەلە سۈرىسى: 7-8 ئايەتلەر.

30 ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

مۇكەررەمە ئوتتۇرىسىدىكى يولنى تۈزىتىپ يولۇچىلار بىلەن هاجىلارغا خىزمەت قىلىپ، يول بويىچە سۇ، تاماق ۋە ياتاق قىيىنچىلىقىنى هەل قىلغان. هەتتا يوللارنى ياساپ يولۇچىلار قىيىنالماي ماڭىدىغان قىلغان. ئەگەر ئۇنداق قىلمىغان بولسا، بۇ يوللار ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ، مېڭىش بەك قىيىن بولاتتى. ئەنە شۇ يوللارنىڭ بىرى بولغان كۇپە ـ مەككە يولى هازىرمۇ «زۇبەيدە يولى» دەپ تونۇلىدۇ.

**هەزرىتى زۇبەيدە خېنىمنىڭ كىشىلىكى:**

هەزرىتى زۇبەيدە خېنىم ساغلام تەبىئەتلىك زاتتۇر. ئىبنى بەردى مۇنداق دېگەن: «زۇبەيدە، ئۆز زامانىسىنىڭ دىنىدا، نەسەبىدە، گۈزەللىكتە، ئەقلىنىڭ ئۆتكۈرلىكىدە ۋە مەشھۇرلۇقتا ئەڭ چوڭ ئايال ئىدى. زۇبەيدە هەقىقەتەن ئۇلۇغ، سېخى، مەدەنىيەت ۋە تەرەققىيات قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەدىبلەرگە، دوختۇرلارغا ۋە شائىرلارغا ياردەم قىلغان زاتتۇر. ئاباسىيە دەۋرىدە ئاياللار كىيىمىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا كۆپ هەسسە قوشقاندۇر.

هارۇن رەشىد ئىلىم-مەرىپەتكە ئىنتىلىدىغان، ئالىملارنى سۆيىدىغان، جىسمانىي ۋە ئەقلىي تەربىيەگە كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشى بولغانلىقى مەلۇم. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ ئىبادەتلەرگە، پەرز ۋە سۈننەتلەرنى ئادا قىلىشقا كۆپ ۋاقىت ئايرىيتتى. ئۇ قۇرئان ئوقۇغاندا ۋە ساهابە كىراملارنىڭ هاياتىنى ئوقۇغاندا شۇنداق يىغلاپ كېتەتتى. هەزرىتى زۇبەيدە خېنىممۇ ئېرىگە دۆلەت ئىشلىرىدا، ئۆي ئائىلە ئىشلىرىدا هەمدەم بولۇپ، ئۈلگە كۆرسەتكەن ئىدى. تارىخ

كىتابلىرىدا زۇبەيدە خېنىم تىلغا ئېلىنسا، ئۇنىڭ زامانىدا ئابباسىيە خەلىپىلىكىنىڭ قانچىلىك تەرەققى قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

خەتىب باغدادى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەن چۈشۈمدە زۇبەيدەنى كۆردۈم، ئۇنىڭغا: ئاللاھ سىزگە قانداق مۇئامىلە قىلدى؟ دەپ سورىدىم. ئۇ: مەككە يولىدا چېپىلغان بىرىنچى كەتمەن ئۈچۈن گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلدى، دەپ جاۋاب بەردى.

**هەزرىتى زۇبەيدە خېنىمنىڭ ۋاپاتى:**

ئاللاھ تائالا بۇ ئۇلۇغ ئايالغا رەھمەت قىلسۇنكى، ئۇ هاشىم جەمەتىنىڭ قىزلىرىدىن بولمىسىمۇ، ئابباسىيە سۇلالىسىنىڭ ئەڭ مەشھۇر خەلىپىسىنى تۇغدى. ئۇنىڭ خىزمەتلىرى ئۆز زامانىسىدىكى ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ بارلىق زېمىنلىرىغا ئومۇملاشتى. هەزرىتى ئۇبەيدە خېنىم ئېرى خەلىپە هارۇن رەشىد ۋاپات بولغاندىن كېيىن 32 يىل ياشىدى. هىجرىيىنىڭ 216- يىلى، مىلادىيەنىڭ 831- يىلى دۇنيادىن ئۆتتى. ياخشىلىق قىلغان كىشى دۇنيادىمۇ ئاخىرەتتىمۇ هەرگىز ئۇنتۇلمايدۇ. ئاللاھ بۇ ئۇلۇغ ئايالدىن رازى بولسۇن، ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن. كۈنىمىزدىكى مۇسۇلمان هەدە-سىڭىللىرىمىزنىمۇ مۇشۇنداق ئاياللارنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىپ، ئاللاھ يولىدا، دىن ۋەتەن يولىدا ياخشى خىزمەتلەرنى قىلغىلى نېسىپ قىلسۇن، ئامىين!

# ئىلمخۇمار ئايال - زۇمرۇت خاتۇن

ئىمادۇددىن زەنكىنىڭ ئايالى بولغان زۇمرۇت خاتۇن ئىسلام دۆلىتىنى قوغداش يولىدا كۆرسەتكەن يۇقىرى خىزمىتى بىلەن تارىختا ئۇنتۇلمايدىغان ئاياللار قاتارىغا كىرگەن.

ھىجرىيىنىڭ 429- يىلى، مىلادىنىڭ 1037- يىلى تۇغرۇل بېك تەرىپىدىن قۇرۇلغان سەلچۇق دۆلىتىگە مەنسۇپ تۈركمەن بولغان زۇمرۇت خاتۇن، ھىجرىيە بەشىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى دۇنياغا كەلگەن. زۇمرۇت خاتۇننىڭ دادىسى سەلچۇق سۇلتانلىرىدىن بىرىنىڭ شاھزادىسى، قۇدۇس شەھىرىنىڭ ھاكىمى جاۋلى، تاغىسى سەلچۇق قوماندانلىرىدىن ئاتسىز خارزىمى، ئانا بىر ئاكىسى دەمەشق ھاكىمى توقماق ئىبنى تۇتاش سەلچۇقىدۇر.

زۇمرۇت خاتۇن پادىشاھ ئائىلىسىدە ياشاپ ئۆتكەن ئادەتتىكى ئاياللاردىن بىرى ئەمەس. ئۇ ئۆتكۈر ئەقىللىق، مۇستەھكەم ئىرادىلىك، دىندار، تەقۋادار، خەير ئېھسانىنى ياخشى كۆرىدىغان، كۆپ روزا تۇتىدىغان، كۆپ ناماز ئوقۇيدىغان، ئالىم-ئۆلىما ۋە سالىھلارنى سۆيىدىغان سالىھە ئايال ئىدى. ئۇ قۇرئان كەرىمنى تولۇق يادلىغان، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلەرنى كۆپ ئوقۇغان، زامانىنىڭ كاتتا ئالىملىرىنىڭ ئىلىم سۆھبەتلىرىنى پەردە ئارقىسىدىن ئاڭلاپ كۆپ ئىلىم ئۆگەنگەن ئىدى. ئۇ ئەبۇ مۇھەممەد ئىبنى تاۋۇس ۋە ئەبۇ بەكرى قۇرتۇبى قاتارلىق خەتتاتلارغا

قۇرئان كەرىم ۋە باشقا دىنى كىتابلارنى يازدۇرۇپ كۆپەيتكەن. ئۇ سارىيىدا ئىسلامىي پەنلەر، مەزھەپلەر ۋە مەدەنىيەت ھەققىدە يېزىلغان كىتابلار توپلانغان بىر كۇتۇپخانە قۇرغان. دەمەشقنىڭ غەربىدىكى تەللى سائىلىب مەھەللىسىدە «مەدرەسە خاتۇنىيە» نامىدا بىر مەكتەپ سالدۇرغان ۋە بۇ مەكتەپنىڭ ئۇستازلىرىنىڭ مائاشى ۋە ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ چىقىملىرى ئۈچۈن نۇرغۇن مال ۋەقپە قىلغان. زۇمرۇت خاتۇن ھەنەفى مەزھىپىدە بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ مەدرىسىگە بەلەخ مەكتىپىدە ئۇستاز بولغان شەيخ بۇرھانىددىن ئەبۇل ھەسەن ئىبنى ئەلى بەلەخى دېگەن زاتنى ئېلىپ كېلىپ باش مۇدەررىس تەيىنلىگەن. ئىبنى كەسىر بۇ زاتنى تەرىپلەپ: ئۇ ئىلمىگە ئەمەل قىلىدىغان چوڭ ئالىم، تەقۋادار، زاھىد كىشى بولۇپ، ھىجرىيە 546- يىلى ۋاپات بولغان، دەيدۇ. شەفىئىددىن ئابدۇلۋەھھاب ھەۋرانى، سەدرىددىن بەدرى ۋە سەدرىددىن ئامەمى ۋە باشقا داڭلىق ئالىملار زۇمرۇت خاتۇن ئاچقان مەدرىسىدە ئوقۇپ چىققان ئالىملاردۇر. بۇ مەدرەسە مەمالىك ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقان. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ مەدرەسە خاراپ بولدى. زۇمرۇت خاتۇن يەنە دەمەشقنىڭ غەربىگە چوڭ بىر مەسجىد سالدۇرغان. بۇ «ئەسھاب مەسجىدى» دەپ تونۇلغان ئىدى. زۇمرۇت خاتۇن بۇ مەسجىدنىڭ ئىمام ۋە مۇئەززىنىنىڭ مائاشى ۋە مەسجىدنىڭ قالغان چىقىملىرى ئۈچۈن كۆپلىگە مال ۋەقپە قىلغان.

زۇمرۇت خاتۇننىڭ ئېرى تاجۇل مۇلۇك بۆرە 1131- مىلادى يىلى باتىنىلار تەرىپىدىن سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. زۇمرۇت خاتۇننىڭ تاجۇل مۇلۇك بۆرىدىن ئىككى ئوغلى بولۇپ، چوڭ ئوغلى شىھابىددىن مەھمۇد، كىچىك ئوغلى

شەمسۇلمەلىك ئىسمائىل ئىدى. تاجۇل مۇلۇك بۆرە شىھىد بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە چوڭ ئوغلى شىھابىددىن مەھمۇد دەمەشقتە ھاكىم بولدى.

خرىستىئانلارنىڭ دەمەشقتە ھۇجۇملىرى شىددەتلەنگەندە، زۇمرۇت خاتۇن دەمەشقنىڭ خرىستىئانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىدىن ۋە ھاكىمىيەتنىڭ يىقىلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، تۈركمەن پادىشاھى ئىمادىددىن زەنكىگە خەت يېزىپ، ئۆزىنى ۋە دۆلىتىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن توي قىلىشنى تەكلىپ قىلدى. ئىمادىددىن زەنكى ئۇ چاغدا ھازىرقى ئىراقنىڭ مۇسىل رايونىدا ئىدى. زەنكى ھىمس شەھىرىنى ئۆزىگە بېرىش شەرتى بىلەن تەكلىپنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. زۇمرۇت خاتۇن شەرتنى قوبۇل قىلىپ ئىتتىپاق تۈزۈلدى. ئىمادىددىن زەنكى ھىمس شەھىرىنى قەلئىسى بىلەن بىرلىكتە قولىغا ئالدى.

زۇمرۇت خاتۇن زەنكى قارارگاھىغا توي ئىشلىرىنى تاماملاش ئۈچۈن بىر ھەيئەت ئەۋەتتى. زۇمرۇت خاتۇن بىلەن ئىمادىددىن زەنكىنىڭ توي قىلىدىغانلىق خەۋىرى دەمەشق ئەتراپىدا تارقىلىشى بىلەن، يۇرت چوڭلىرى، دۆلەت ئەربابلىرى دەرھال كېلىپ زۇمرۇت خاتۇننى تەبرىكلەشتى.

توي تەييارلىقلىرى پۈتكەندىن كېيىن 1138- مىلادى يىلى شاۋۋال ئېيىدا زۇمرۇت خاتۇن ناھايىتى چوڭ بىر كارۋان بىلەن ھىمس شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقتى. دەمەشقتە چوڭ ئوغلى شىھابىددىن مەھمۇد ۋە ھاكىمىيىتى قالدى. زۇمرۇت خاتۇن يېڭى ئېرى زەنكى بىلەن دەمەشققە قايتىپ كېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. لېكىن ئۇنىڭ دەمەشقتىن

ئايرىلىشى بىلەن شەھەرنىڭ دەرۋازىسى تاقالدى، ئۆمىدى ئەمەلگە ئاشمىدى. ئىمادىددىن زەنكى ھەرقانچە قىلغان بولسىمۇ دەمەشققە كىرەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن زۇمرۇت خاتۇننى ھەلەپ شەھىرىگە ئەۋەتتى.

ئىمادىددىن زەنكى زۇمرۇت خاتۇننى نىكاھىغا ئېلىش بىلەن دەمەشقنى ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئېلىپ، مۇسۇلمانلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلام قوشۇنىنى كۈچلەندۈرۈپ، جىھاتنى داۋاملاشتۇرۇشنى ۋە خىرىستىئانلارنى شام مەملىكىتىدىن قوغلاپ چىقىرىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. چۈنكى دەمەشق تاجاۋۇزچى خىرىستىئانلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى جەڭنىڭ ئاساسلىق ئوبيېكتى ئىدى. ئىمادىددىن زەنكى دەمەشقتىن كۆزىنى ئالالمايتتى. چۈنكى دەمەشقنى ۋە ئۇنىڭ جەنۇبىدىكى بانىياسقا قەدەر بولغان رايونلارنى قولغا ئالمىغىچە ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ بىرلىكىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايتتى.

لېكىن ئىمادىددىن زەنكىنىڭ دەمەشقنى قولغا كەلتۈرۈش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى دەمەشقتە مۇئىنىددىن ئونۇر ئىسىملىك بىر قوماندان دەمەشق ھاكىمى شىھابىددىن مەھمۇدنى سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈپ ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىمادىددىن زەنكى ۋە مەلىكە زۇمرۇت خاتۇننىڭ پىلان ۋە ئارزۇلىرى بوران - چاپقۇنلاردا ئۇچۇپ كەتكەن بىر خىيالغا ئايلىنىپ قالدى.

ئەمما زۇمرۇت خاتۇن ھەلەپ شەھىرىدە ئىمادىددىن زەنكىنى كۈتۈپ توققۇز يىل ئولتۇردى. زەنكى بولسا ئۇنىڭدىن يىراقتا،

شىمالدا خىرىستىيئانلارغا قارشى كىچە-كۈندۈز جىهات قىلماقتا ئىدى. زەڭكى جەئفەر قەلئەسىنى قورشاپ جەڭ قىلىۋاتقاندا شېھىد بولدى. شۇنىڭ بىلەن زۇمرۇت خاتۇن دەمەشققە قايتىپ كەلدى. دەمەشق خەلقى ئۇنى ئۇنتۇغان، ئۇ تونۇلماس بولغان ۋە ھەممە نەرسە ئۆزگەرگەن ئىدى. زۇمرۇت خاتۇننى دەمەشقتە ھېچكىم تونۇمىدى. ئۇ باغداتقا باردى. باغداتتىن ھاجىلار قاپىلىسىگە قوشۇلۇپ ھەرەمگە باردى. ھەج ئىبادىتىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن مەككە مۇكەررەمەدە بىر يىل تۇردى. ئاندىن مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە بېرىپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇبارەك قەبرىنىڭ يېنىغا يەرلىشىپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇ يەردە ياشىدى. زۇمرۇت خاتۇن ھىجرىيە 557- يىلى مىلادى 1165- يىلى مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە پانىي ئالەمدىن باقى ئالەمگە كۆچتى ۋە مەدىنىنىڭ «جەننەتى بەقىئ» قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى.

ئۇ قەلبى ئىمان ۋە دىن سۆيگۈسى بىلەن تولغان ھالدا دۇنيادىن ئايرىلدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن، ئۇنىڭ جايىنى جەننەتتە قىلسۇن، ئامىين!

# مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىچىسى مۇمتاز خاتۇن

ھىندىستاننىڭ مۇسۇلمان مەلىكىسى ئەسلى ئىسمى ئەرجۇمەنت بانۇ بېگىم بولغان مۇمتاز خاتۇن 1592- يىلى ھىندىستاننىڭ دېھلى شەھىرىدە دۇنياغا كەلدى. دادىسى ئاسىپ خان ھىندىستاندا تونۇلغان چوڭ كىشى ئىدى. ئۇ ھەدىسى نۇر جاھان جاھانگىر شاھقا ئۆيلىنىپ پادىشاھ سارىيىغا كىرگەنگە قەدەر دادىسىنىڭ يېنىدا ئۆسۈپ يېتىلدى. نۇر جاھاننىڭ سارايغا كىرىشى ۋە كېيىن دادىسى ئاسىپ خان ئەسكەر قوماندانى بولۇشى بىلەن مۇمتاز خاتۇن سارايغا ۋە سارايدىكىلەرگە يېقىن بولدى. مۇمتاز خاتۇننىڭ باشقا تەڭداشلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىر نەچچە ئالاھىدىلىكى بار ئىدى. ئۇ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بەزىلىرى مۇنداق: ئۇ چوڭ ۋە ئېسىل ئائىلىدە دۇنياغا كەلدى؛ ناھايىتى ياخشى ۋە يۈكسەك تەربىيە كۆردى؛ دادىسى ئۇنى ياخشى يېتىشتۈرگەن ۋە ئىلىم-مەدەنىيەتتە يۇقىرى پەللىگە چىققان ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئۈستۈن بولغىنى ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، ئۆتكۈر ئەقلى، ساغلام پىكرى ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ھۆسنى جامال، ئەدەپ-ئەخلاق، نازۇك ۋە تاتلىق سۆز ئاتا قىلغان ئىدى. ئىمپېراتورنىڭ ئوغلى خۇررەم بىر قېتىم مەلىكە نۇر جاھاننى زىيارەت قىلىپ كەلگەن ئىدى. نۇر جاھاننىڭ يېنىدا مۇمتاز خاتۇننى كۆرۈپ ئۇنىڭ ھۆسنىگە ھەيران قالدى. شۇنىڭ بىلەن خۇررەم مۇمتاز خاتۇنغا ئاشىق بولۇپ، ئەقلىدىن

چىقمايدىغان بولدى. نۇر جاھان خۇررەمنىڭ مۇمتاز خاتۇنغا ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭ مۇمتاز خاتۇنغا يېقىنلىشىشىغا رۇخسەت بەردى ۋە كېيىن بۇلارنىڭ توي قىلىشىغا قوشۇلدى. 1612- يىلى 10- مايدا ئىمپېراتورلۇق پايتەختى ئاگرادا توي بولدى. سارايغا كىرگەندىن كېيىن ئۇ مۇمتاز خاتۇن دەپ ئاتالدى. مۇسۇلمانلار ئۇنى تاج مەھەل (يەنى (سارايىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك زىننىتى) دەپ ئاتايتتى. ئېرى بىلەن سارايدا تىنچ ئامان ۋە خاتىرجەم بىر ھايات ياشىغان مۇمتاز خاتۇن قىز-ئوغۇل بولۇپ 13 بالا تۇغدى. پادىشاھ بولغاندىن كېيىن شاھ جاھان دەپ مەشھۇر بولغان خۇررەم مۇمتاز خاتۇننى شۇنچىلىك ياخشى كۆرەتتىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتۇن ئېلىشنى ئويلاپ باقمىدى. لېكىن ئۇ مۇمتاز خاتۇننى ئېلىشتىن ئىككى يىل بۇرۇن پارس ئىمپېراتورى ئىسمائىل شاھنىڭ نەۋرىلىرىدىن بىرىنى ئالغان ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئايالى مۇمتاز خاتۇن ئىدى. مۇمتاز خاتۇن مۇسۇلمان، سالىھ ئاياللارغا بىر ئۆلگىدۇر. ئۇنى ئېرى قەدەر خەلقمۇ شۇنداق ياخشى كۆرەتتى ۋە ئۇنىڭغا قاتتىق ھۆرمەت-تەزىم قىلاتتى. مۇمتاز خاتۇن گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇپ، بارلىق ئىش -ھەرىكەتلىرىدە ئىسلام تەلىماتى بويىچە ئىش قىلاتتى. ئۇ پېقىر، مىسكىن ۋە يېتىملەرگە ناھايىتى كۆپ خەير-ئېھسان قىلاتتى. ئوغۇل-قىز بارلىق ياشلار ئۈچۈن پايدىلىق پىلانلارنى تۈزۈپ ئىجرا قىلاتتى. يېتىم-يېسىر ۋە نامرات قىزلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنى ئۆيلەندۈرەتتى، توي چىقىملىرىنى، ئۆي سەرەمجانلىرىنى تەييارلاپ بېرەتتى. ئۇنىڭ غايىسى مەملىكەتتە ئەخلاقسىزلىقلارغا يول قويماسلىق ئۈچۈن ئۆيلىنىش يېشىغا توشقان ئوغۇل-قىزلارنى ھەممىنى

ئۆيلۈك ئوچاقلىق قىلىپ، بارلىق پۇقرالارنىڭ مۇھەببەت ۋە دوستلۇق ئىچىدە هايات كەچۈرۈشىنى، ئىپپەت ۋە پەزىلەتلىك جەمئىيەت بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. مۇمتاز خاتۇن ئىرىنى گۇناهكارلارنى كەچۈرۈشكە تەرغىپ قىلاتتى. ئۇنىڭ پەزىلىتى، تەقۋادارلىقى، قەلبىنىڭ يۇمشاقلىقى، ئېرىگە بولغان مۇھەببىتى خەلقىگە بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن ياردەم قىلىشىغا تۈرتكە بولغان ئىدى. مۇمتاز خاتۇننىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرىنىڭ جۈملىسىدىن بىرى مەۋجۇد مەسجىدلەرنى رېمونت قىلدۇرۇش ۋە مەسجىد يوق يەرلەرگە مەسجىد سالدۇرۇش ئىدى. مۇمتاز خاتۇن بىر زىباپەتخانا سالدۇرغان بولۇپ، ئۇ يەردە شەھەردىكى مىسكىنلەر ۋە سىرتتىن كەلگەن غېرىب-غۇرەبالارغا ھەر كۈنى پادىشاھ سارىيىدا يېيىلىدىغان تائاملارنىڭ ئۆزى بېرىلەتتى. مۇمتاز خاتۇن يەنە موھتاجلارغا كىيىم-كېچەك تارقىتىپ بېرەتتى. مەنبەلەر مۇمتاز خاتۇننىڭ ئىسلامغا مۇستەھكەم ئېسىلىپ، مەسجىد ۋە ئەھلى ئىلىملەرگە داۋاملىق كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامدايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا بولغان مۇھەببىتىنى ۋە ئىسلامنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەردىن بىرى شۇكى، ئۇ ئېرى شاھى جاھاننى دىن تارقاتقۇچى خرىستىئانلارنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى پائالىيەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇرغان؛ دۆلەتتە ھىجرى تەقۋىمنى رەسمىي تەقۋىم قىلىپ بېكىتكەن؛ مەملىكەتتىكى شىئىلەرنىڭ خۇلەفائى راشىدىن ساھابىلارغا تىل ئۇزۇتۇشىنى مەنئى قىلغان ۋە كاپىر ھىندىلارنىڭ بۇتخانا سېلىشىغا چەك قويغاندۇر. مۇمتاز خاتۇن مۇسۇلمان-كاپىر بارلىق ھىند خەلقى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى مەلىكە، ئېرى ئۈچۈن ئەڭ

ياخشى خوتۇن بولغاندۇر. ئۇ ئىرى شاھى جاھان بىلەن 17 يىل بىرگە ياشىدى. بۇ يىللارنىڭ ھەممىسى مۇھەببەت، سۆيگۈ ۋە خۇشاللىق بىلەن ئۆتتى. مۇمتاز خاتۇن ئون يەتتە يىللىق ئەر-خوتۇنلۇق ھاياتىدا ئوغۇل-قىز بولۇپ 13 بالا تۇغدى. ئۇلار تۆۋەندىكىلەر: 1- مەلىكە ھۇرۇننىسا بېگىم 2- مەلىكە جاھان ئارا بېگىم 3- شاھزادە دارا شىكۇخ 4- شاھزادە شاھ شۇجا باھادىر 5- مەلىكە روشەن ئارا بېگىم 6- پادىشاھ مۇئىنۇددىن مۇھەممەد 7- شاھزادە ئۇمىد بەخش 8- مەلىكە سۇرەييا بانۇ بېگىم 9- شاھزادە سۇلتان مۇراد بەخش 10- شاھزادە سۇلتان لۇتفۇللاھ 11- شاھزادە سۇلتان دەۋلەت ئەفزا 12- مەلىكە ھۇسنۇئارا بېگىم. 13- مەلىكە گەۋھەر بېگىم. مۇمتاز خاتۇن زامانىۋى ئىسلام تارىخىنىڭ ھېچقانداق بىر باسقۇچىدا ئوخشىشىنى تېپىش قىيىن بولغان نادىر ئۈلگە ئايالدۇر. بۇ ئىسىل ئايال بارلىق مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ بەختىلىك ئائىلە قۇرۇشى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشى ئۈچۈن ئۆزىگە ئۈلگە قىلىشى كېرەك بولغان ئۇلۇغ زاتتۇر. چۈنكى ئۇ ئىسلامنىڭ گۈزەل ئەخلاق ۋە ئېسىل خىسلەتلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن پەزىلەتلىك ئايالدۇر. مۇمتاز خاتۇن، باشقا ئىخلاسمەن مۇسۇلمان ئاياللاردەك پۈتۈن ھاياتىنى ئېرىنىڭ يېنىدا ھەق ۋە ئادالەتنى بەرپا قىلىش، ئىسلام دىنىنىڭ تەلىماتلىرىنى ھاياتتا ئىجرا قىلىش ۋە خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدە قامداش يولىدا ئۆتكۈزدى. ئۇ ئالتۇن كۈمۈش ۋە ھەر تۈرلۈك نەپىس زىننەت بويۇملىرى توپلاش، ئۆزىدىن باشقىنى ئويلىماستىن ياشىيالايتتى. لېكىن ئۇ بۇنداق قىلىشنى تاشلاپ، ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ ياشىدى ۋە رەببىنىڭ ھۇزۇرىغا رازىلىق بىلەن كەتتى.

ئۇ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئىسلاھات روھىغا ئىگە بۇ ئايال مۇسۇلمان-كاپىر ئايرىماستىن ھىندىستان خەلقىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تىرىشاتتى. بۇ يولدا ئېرىگە ياخشى تەۋسىيەلەرنى قىلىپ، ئۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ياردەمچى بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھىندىستان خەلقى مۇمتاز خاتۇننى ناھايىتى بەك ياخشى كۆرەتتى ۋە ئۇنى يۇتكۇل ئۇسسۇزلارنى سۇغا قاندۇرىدىغان ياخشىلىق دەرياسى دەپ بىلەتتى.

## مەلىكە مۇمتاز خاتۇننىڭ ۋاپاتى:

1630- يىلى مۇمتاز خاتۇن 14- بالىسىغا ھامىلە بولدى. بۇ چاغدا پورتۇگاللىق تاجاۋۇزچىلارنى ھىندىستاندىن يۇتۇنلەي قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن جەڭ بولۇۋاتاتتى. چۈنكى پورتۇگاللىق تاجاۋۇزچىلار ھىندىستانلىقلارغا زۇلۇم سىلىشتا ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن ۋە ئىنسانلارنى ئېلىپ قېچىپ ياۋرۇپالىقلارغا ساتاتتى. 1630- يىلى شاھى جاھان پورتۇگاللىقلارنى ھىندىستان قىرغاقلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن قوشۇن تەييارلاپ ئۇرۇشقا ئاتلاندى. بۇ ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلار غەلىبە قىلىپ پورتۇگاللىقلارنىڭ قارارگاھىنى نابۇت قىلدى؛ سىتىش ئۈچۈن تۇتۇۋالغان ئون مىڭدىن ئارتۇق ھىندىستانلىقنى قۇتۇلدۇردى. مانا بۇ جىھاتقا تۇغۇش ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغان مۇمتاز خاتۇن ئېرى شاھى جاھان بىلەن بىرلىكتە چىققان ئىدى. جەڭ بولۇۋاتقان يەردە ئۇنىڭ تۇغۇت تولغىقى تۇتتى. نازۇك بەدىنى تۇغۇتنىڭ قاتتىق تولغىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، پانىي ئەلەمگە كۆز يۇمدى. بۇ 1631- يىلى ئىيۇننىڭ 28- كۈنى ئىدى. ئەمدى 38 ياشقا كىرگەن دۇنيا گۈزىلى ئايالىنىڭ ۋاپات

بولۇشى، شاھى جاھانغا قاتتىق ئېغىر كەلدى. شاھى جاھان سۆيۈملۈك ئايالى مۇمتاز خاتۇن ئۈچۈن ھىندىستاننىڭ ئاگرا شەھىرىدە 1632- يىلى تاج مەھەلنى ياسىتىشقا باشلاپ، 1655- يىلى پۈتتۈرۈپ، ئايالىنىڭ جەسىتىنى يۆتكەپ كېلىپ تاج مەھەلگە دەپنە قىلدى. ئاق مەرمەردىن ياسالغان تاج مەھەل دۇنيادىكى يەتتە مۆجىزىنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ. مۇمتاز خاتۇن ۋاپات بولغاندىن كېيىن 35 يىل ئۆمۈر كۆرگەن شاھى جاھان 1658- يىلى ئوغلى تەرىپىدىن تەختتىن چۈشۈرۈلدى، 1666- يىلى ۋاپات بولدى ۋە سۆيۈملۈك ئايالى مۇمتاز خاتۇننىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى. ئۇلار قىلغان ياخشىلىقلىرى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا كەتتى. ئاللاھ تائالادىن ئۇلارنى مەغپىرەت قىلىپ، ئۆز رەھمىتى بىلەن كەڭ جەننىتىدە ئورۇن بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# مۇجاھىدە ئايال زەينەپ غازالى

زەينەپ غازالى 1917- يىلى يانۋارنىڭ 2- كۈنى مىسىرنىڭ بۇھەيرە ۋىلايىتىدە دىندار بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى ئەزھەر ئۆلىمالىرىدىن بولغان كاتتا ئالىم ئىدى. بۇ كىشى قىزى زەينەپنى ياخشىلىقنى ۋە پەزىلەتنى ياخشى كۆرىدىغان، راستچىللىق ۋە ھەق گەپ قىلىشتا، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشتا قورقۇمسىز قىلىپ يېتىشتۇرگەن ئىدى. دادىسى قىزىنىڭ جاسارىتىگە مەپتۇن بولۇپ، ئۇنى شىجائەت ۋە جاسارەت بىلەن مەشھۇر بولغان مەدىنىلىك ساھابە ھەزرىتى نەسىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئوخشىتىپ: «نەسىبە» دەپ ئاتايتتى. ھەزرىتى نەسىبە جەڭ مەيدانىنىڭ قەھرىمانلىرىدىن ئىدى. ئۇ ئۇھۇد ئۇرۇشىدا قىلىچ بىلەن نەيزىلەرنىڭ زەربىدىن ئون ئىككى يېرىدىن جاراھەتلەنگەن بولسىمۇ، تۇرغان يېرىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قوغداپ جەڭ قىلغان ئىدى.

زەينەپ غازالىنىڭ دادىسى ئۇنى ئوخشاتقان ساھابىگە ئوخشاش ئاللاھ يولىدا جىھات قىلىشنى، ئىسلامنى ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مۇداپىئە قىلىشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ قولىغا ياغاچتىن ياسالغان قىلىچنى تۇتقۇزۇپ، يەرگە بور بىلەن بىر دائىرە سىزىپ: «بۇ يەردە مۇستەھكەم تۇرۇپ رەسۇلۇللاھنىڭ

دۈشمەنلىرىنى ئۇرغىن» دەيتتى. كىچىك قىز ئۇ دائىرىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ قىلىچىنى بىلەن ئوڭغا، سولغا، ئارقىسىغا ۋە ئالدىغا شىلتىپ ئۇراتتى. دادىسى: رەسۇلۇللاھنىڭ دۈشمىنىدىن قانچىنى ئۆلتۈردۈڭ؟ دەپ سورايتتى. ئۇ بىرنى ئۆلتۈردۈم، دىسە، يەنە ئۇر، دەيتتى. زەينەپ قىلىچىنى ھاۋاغا سانجىپ، ئىككىنى ئۆلتۈردۈم، ئۈچنى ئۆلتۈردۈم، تۆتنى ئۆلتۈردۈم، دەيتتى. دادىسى ۋاپات بولغۇچىلىك قىزىنى مۇشۇنداق تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئىدى.

زەينەپ ئون ياشقا كىرگەندە دادىسى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئانىسى بالىلىرىنى ئېلىپ قاھىرەگە كۆچۈپ كەلدى. چۈنكى زەينەپنىڭ ئاكىلىرى قاھىرەدە ئوقۇيتتى ۋە ئىشلەيتتى. زەينەپ قاھىرەدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغاندا، چوڭ ئاكىسى مۇھەممەد: بۇ قىزنى دادام ناھايىتى جاسارەتلىك قىلىپ تەربىيىلىگەن، ئۆزىدىن باشقىلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماسلىقنى ئۆگەتكەن. ئۇنىڭ يېزىدىكى مەكتەپتە ئوقۇغىنى كۇپايە قىلىدۇ. مەن ئۇنىڭ ۋەلىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن سىڭلىمنىڭ قاھىرەدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇشىغا قوشۇلمايمەن، دېدى.

مۇھەممەدنىڭ بۇ پوزىتسىيىسى زەينەپنىڭ ھاياتىدىكى بىرىنچى ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ ئاكىسىنىڭ سۆزىگە رازى بولمىدى. ئانىسى ئۇنىڭغا ئاكىڭىز دادىڭىزنىڭ ئورنىدا، ئۇنىڭ سۆزىگە ماقۇل دەڭ دەپ نەسىھەت قىلدى. زەينەپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ھەيرانلىقتا قالغان ئىدى. ئىككىنچى ئاكىسى ئەلى سىڭلىسىنىڭ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇش تەرەپتە تۇراتتى. ئەلى سىڭلىسىنى ئوقۇش ئارقىلىق پىكرىنى ئۆستۈرىدۇ، شەيئىلەر ۋە ئىنسانلارغا بولغان كۆز

قارىشى توغرا بولىدۇ، دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇ زەينەپكە ھەر تۈرلۈك كىتابلارنى ئۆيگە ئەكىلىپ بېرەتتى. زەينەپ كىتابلارنى قىزىقىپ ئوقۇشقا باشلىدى. ئەلى ئەكىلىپ بەرگەن كىتابلارنىڭ ئىچىدە ئائىشە تىمۇرىيەنىڭ ئاياللار ھەققىدە يازغان بىر كىتاب بار ئىدى. زەينەپ بۇ كىتابنىڭ كۆپ قىسمىنى يادلىدى.

زەينەپ كىتابلارنى ئوقۇپلا قالمىدى. بىر كۈنى شۇبرا مەھەللىسىدىكى ئۆيىدىن تالاغا چىقتى. ئۇ چاغدا 12 ياش ئىدى. يوللاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ كۆزى بىر قىزلار مەكتىپىگە چۈشتى. مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىنى قاقتى، دەرۋازىۋەن ئۇنىڭدىن نېمىشقا كەلگەنلىكىنى سورىدى، زەينەپ: مەكتەپ مۇدىرى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدىم، دېدى. دەرۋازىۋەن: مۇدىر بىلەن نېمىشقا كۆرۈشىسىز؟ دەپ سورىۋىدى، زەينەپ ئۆزىگە ئىشەنچ قىلغان ھالدا: مەن زەينەپ غازالى بولىمەن، مۇدىر بىلەن كۆرۈشىدىغان ۋەدەم بار ئىدى، دېدى. دەرۋازىۋەن بۇ كىچىك قىزنىڭ جاسارەتلىك سۆزلىرىگە ھەيران بولغان ھالدا، ئۇنى مەكتەپكە كىرگۈزدى.

زەينەپ مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ: ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ، مەن زەينەپ غازالى، لەقىمىم نەسىبە مازىنىيە، دېدى. مۇدىر ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ قالدى. بۇ قىز ساراڭ ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ: ئەي زەينەپ! ياكى ئەي نەسىبە! نېمە تەلىپىڭىز بار؟ دېدى. زەينەپ ئۆزىنىڭ ھاياتىنى سۆزلەپ، چوڭ ئاكىسىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشىغا رۇخسەت قىلمىغانلىقىنى بايان قىلىپ، مېنى بۇ مەكتەپكە ئوقۇغۇچىلىققا قوبۇل قىلىشىڭىزنى سورايمەن، دېدى. مۇدىر دادىسىنىڭ ۋە ئاكىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سوراپ

جاۋابىنى ئالغاندىن كېيىن ئائىلىسىنى تونىدى. بۇ كىچىك قىزنىڭ جاسارىتى ۋە ئەقلىنىڭ ئۆتكۈرلىكىگە قىزىقىپ قالغان مۇدىر ئۇنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن بەزى سوئاللارنى سورىدى. زەينەپ ھەممە سوئالغا ناھايىتى ئىشەنچلىك ھالدا جاۋاب بەردى. مۇدىر: سىزنىڭ ئوقۇشقىزنى قوللايدىغان كىچىك ئاكىڭىزنى ئېلىپ كېلىڭ سىزنى مەكتەپكە تىزىملايلى، دېدى.

شۇنداق قىلىپ كىچىك زەينەپ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولدى. ئىككى ئايدىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئالاھىدە ئىمتىھان ئېلىپ، ئۇنى بىر يۇقىرى سىنىپقا يۆتكىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىنچى سىنىپىغا قوبۇل قىلىندى.

## ئاياللار ئىتتىپاقى:

زەينەپ غازالى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھۇدا شەئراۋى دېگەن ئايال قۇرغان ئاياللار ئىتتىپاقىنىڭ گېزىتقا بەرگەن ئېلانىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭدا ئاياللار ئىتتىپاقى فرانسىيىگە ئوقۇشقا ئۈچ قىز ئوقۇغۇچى ئەۋەتىدىغانلىقى، بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى ئاياللارنىڭ زىننىتى، يەنە بىرى باللار تەربىيىسى، يەنە بىرى ئاياللارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش قاتارلىق ساھەدە ئىلىم تەھسىل قىلىدىغانلىقى يېزىلغان ئىدى. بۇ ئېلاننى ئوقۇغان زەينەپ غازالى دەرھال ئاياللار ئىتتىپاقىنىڭ قارارگاھىغا بېرىپ، ئۇنىڭ باشلىقى ھۇدا شەئراۋى بىلەن كۆرۈشۈپ، بېشىدىن ئۆتكەن ئەھۋاللارنى، دادىسىنىڭ قانداق تەربىيىلىگەنلىكىنى ۋە چوڭ ئاكىسىنىڭ ئۇنى

مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان قىزلار ھەققىدە مۇنداق بىر ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بەردى. ھۇدا شەئراۋى بۇ قىزنىڭ ئەھۋالىغا قاتتىق ئېچىنغانلىقىنى ۋە ئېچى ئاغرىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنى فرانسىيىگە ئەۋەتىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ قاتارىغا يازدى. ئاندىن ھۇدا شەئراۋى دەرھال ئىتتىپاقنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، زەينەپ غازالىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ بىر يىغىن ئېچىشنى ۋە يىغىندا زەينەپنى سۆزلىتىشنى تەلەپ قىلدى. يىغىن چاقىرىلدى، زەينەپ سۆزگە تەكلىپ قىلىندى. بۇ كىچىك قىز مەرھۇم دادىسىدىن خەلقىنىڭ ئالدىدا سۆزلەشنى ياخشى ئۆگەنگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ ھېچ تەمتىرىمەستىن ئاياللار ئىتتىپاقى ئەزالىرىنىڭ ئالدىدا نۇتۇق سۆزلىدى.

فرانسىيىگە ئوقۇشقا بارىدىغان قىزلارنىڭ يولغا چىقىدىغان ۋاقتى بېكىتىلدى. قىزلار تەييارلىقلىرىنى باشلىدى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە زەينەپ غازالى چۈشىدە دادىسىنى كۆردى. دادىسى ئۇنى فرانسىيىگە ئوقۇشقا بېرىشتىن توسۇپ: «قىزىم! فرانسىيىگە بارماڭ، ئاللاھ سىزگە فرانسىيىدە تاپىدىغان پايدىنىڭ بەدىلىنى مىسىردا بېرىدۇ» دېدى. زەينەپ: قانداق بېرىدۇ؟ دېدى. دادىسى: ئۇنى سىز كۆرىسىز، سىز يولغا چىقماڭ، مەن سىزنىڭ فرانسىيىگە بېرىشىڭىزغا رازى ئەمەس، دېدى. زەينەپ فرانسىيىگە بارمايدىغان بولدى. ھۇدا شەئراۋى ئۇنىڭ فرانسىيىگە بېرىشتىن ۋاز كەچكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى ۋە نېمىشقا يېنىۋالدىڭىز ئەمدى؟ سىز مېنىڭ ئۈمىدىم ئىدىڭىز، مەن كەلگۈسىدە سىزدىن چوڭ ئۈمىد كۈتەتتىم، دېدى. زەينەپ دادىسىنى چۈشىدە

كۆرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ھۇدا شەئراۋى: چۈش دېگەن بەزى توغرا بولسا، بەزى خاتا بولىدۇ، چۈشكە تايىنىپ قولىڭىزدىكى پۇرسەتنى كەتكۈزۈۋەتمەڭ، دېدى. زەينەپ غازالى: دادام ماڭا بارماسلىقنى بۇيرىدى، مەن دادامنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلالمايمەن، دېدى.

شۇنداق قىلىپ زەينەپ غازالى مىسىردا قالدى. ئاياللار ئىتتىپاقىنىڭ ئاكتىپ ئەزالىرىدىن بولۇپ ئىشلىدى. ئۇنىڭ بەزى ئىسلامىي تەرەپلىرىگە ئىتتىپاق ئەزالىرى قارشى چىقىسىمۇ، لېكىن ئىتتىپاقنىڭ رەئىسى ھۇدا شەئراۋى مېنىڭ ئورۇنباسارىم بولىدۇ، دەپ ئۇنى چىڭ تۇتاتتى.

**ئەزھەر ئۆلىمالىرى بىلەن جەڭ:**

زەينەپ غازالى ئەزھەر ئۆلىمالىرىغا قارشى قاتتىق جەڭگە چۈشتى. چۈنكى ئاياللار ئىتتىپاقىنىڭ غەرەزلىك قىلمىشلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىدىغانلار ئەزھەر ئۆلىمالىرى ئىدى. ئۇلار ئاياللار ئىتتىپاقىنىڭ زەينەپ غازالىنى قوللىنىپ، ئىسلام ئىسمى ئاستىدا دىنغا دۈشمەنلىك قىلىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. چۈنكى ئاياللار ئىتتىپاقىنىڭ پائالىيەتلىرى مىسىر قىزلىرىنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن بىر قىسماق ئىدى. ئاياللار ئىتتىپاقىنىڭ بۇ يامان غەرىزىنى بىرىنچى بولۇپ سەزگەن ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرغانلار ئەزھەر ئالىملىرى ئىدى. ئەزھەر ئۆلىمالىرى ئەزھەرنىڭ بەزى فاكۇلتېت ۋە ئىنىستىتوتلىرىدا مۇنازىرە يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاياللار ئىتتىپاقىنى چاقىراتتى. ئاياللار ئىتتىپاقى بۇ يىغىنلارغا زەينەپ غازالى، سىزا نىبراۋى ۋە ھەۋۋا ئىدرىس قاتارلىق ئۈچ قىزنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتەتتى.

ئەنە شۇ مۇنازىرە يىغىنلىرىنىڭ بىرىدە، ئەزھەرنىڭ بەزى ئۆلىمالىرى ھۇدا شەئراۋىنىڭ چاقىرىقى ھەققىدە سۆزلەپ، ئۇنىڭ مۇسۇلمان ئاياللارنى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ دائىرىسىدىن چىقارماقچى بولغانلىقىنى تەكىتلىدى. زەينەپ غازالى تۇرۇپ، ھۇدا شەئراۋىنى مۇداپىئە قىلىپ، ئۇ مۇسۇلمان ئاياللارنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى، ئۇلارنىڭ پىكرىنى، چۈشەنچىلىرىنى ۋە كۆز قاراشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى خالايدۇ. ئاياللارنىڭ ھوقۇقىنى ئۆز قوللىرىغا ئېلىشى ئۈچۈن بارلىق كۈچى بىلەن تىرىشىدۇ، دېدى. بۇ سۆزلەر ئاياللار ئىتتىپاقىنىڭ تېشى ھەسەل، ئىچى زەھەر شۇئارلىرى ئىدى.

يەنە بىر كۈنى زەينەپ غازالى ئەزھەر ئۆلىمالىرىدىن ئون ئالىمغا ھۇجۇم قىلىپ ھۇدا شەئراۋىنىڭ پىكىرلىرىنى مۇداپىئە قىلدى. ئاخىرى ئۆلىمالار ئەزھەردىكى ۋەز ۋە تەبلىغ ئىشلىرى رەئىسىدىن، زەينەپ غازالىنى سۆزلەشتىن مەنئىي قىلىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن ۋەز ۋە تەبلىغ ئىشلىرى رەئىسى ئەقلى ئۆتكۈر، ئىلمى كۆپ كىشى ئىدى. ئۇ ئالىملارغا: ئون ئالىم بىر زەينەپ غازالىغا تەڭ كېلەلمىدىڭلارمۇ؟ ئەگەر ئۇنى سۆزلەشتىن مەنئىي قىلساق، بۇ بىزنىڭ پىكرىمىزنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىمىز بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرە قىلىشىپ، ئۇنى قايىل قىلىشىمىز كېرەك دەپ قارايمەن، دېدى. چوڭ ئالىملاردىن شەيخ مۇھەممەد نەججار ئورنىدىن تۇرۇپ زەينەپ غازالى بىلەن مەن مۇنازىرىلىشىمەن، دېدى.

ئەتىسى يەنە يىغىن ئۇيۇشتۇرۇلدى. زەينەپ غازالى ھەر زامانكى ئىككى دوستى بىلەن كەلدى. شەيخ نەججار كېلىپ

ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ؛ ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ھۇدا شەئىراۋىنىڭ جەمئىيىتىنى مۇداپىئە قىلىپ ئەزھەر ئۆلىمالىرى بىلەن تالاش تارتىش قىلىدىغان قىزلار! دېدى.

زەينەپ غازالى ئورنىدىن تۇرۇپ: ئالدى بىلەن مەن زەينەپ غازالى بولىمەن، ۋەئەلەيكۇم ئەسسەلام ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ، دېدى. ئاندىن قىزلارغا نۇتۇق سۆزلەپ، شەيخنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇ سۆزنى تۈگەتكەندىن كېيىن شەيخ نەججار ئۇنىڭغا: قىزىم! ماڭا ئىسلام دەۋىتى ھەققىدە بىر نەچچە مىنۇت سۆزلەشكە رۇخسەت قىلامسىز؟ دېدى. زەينەپ غازالى: قېنى مەرھەمەت، دېدى.

شەيخ نەججار قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ: «ئى ئاللاھىم! مەن سېنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىڭ بىلەن، نازىل قىلغان كىتابىڭ بىلەن، بىزگە ئەۋەتكەن پەيغەمبىرىڭنىڭ سۈننىتى بىلەن سەندىن بۇ قىزنى ئىسلامغا خىزمەت قىلىدىغان قىلىشىڭنى تىلەيمەن، سەن ھەر شەيئىگە قادىرسەن. ئى ئاللاھ! قۇرئانىڭ بىلەن بۇ قىزنى ئىسلامغا خىزمەت قىلىدىغان قىلىشىڭنى تىلەيمەن. ئاللاھۇممە سەللى ئالا سەييىدىنا مۇھەممەد» دەپ يىغلاپ كەتتى. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن زەينەپ غازالىمۇ يىغلىدى، لېكىن كۆز يېشىنى شەيخدىن يوشۇرۇپ: نېمىشقا مېنى ئاللاھ بىلەن ئەمەس دەپ، ئويلايسىز؟ ھالبۇكى مەن ناماز ئوقۇيمەن، روزا تۇتىمەن، قۇرئان ئوقۇيمەن، ئاللاھ خالىسا ئىشلىرىم يار بەرسە ھەجمۇ قىلىمەن، ئاللاھ يولىدا شېھىد بولۇشنى خالايمەن، دېدى.

شەيخ نەججار: مەنمۇ سىزنى دېگىنىڭىزدەك ئويلايمەن، بۇ يەردىن چىققاندىن كېيىن ھۇدا شەئراۋىنىڭ يېنىغا قايتامسىز ياكى ئاللاھ بىلەن قالامسىز؟ دېدى. زەينەپ غازالى: مەن ھۇدا شەئراۋى بىلەن بولغاندىمۇ ئۆزەمنى ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە ھېساپلايمەن، دېدى. شەيخ: ھەقنى مۇداپىئە قىلىشقا ۋەدە بېرەمسىز؟ دېدى. زەينەپ غازالى ۋەدە بەردى. شۇنىڭ بىلەن زەينەپ غازالىنىڭ شەيخ نەججار بىلەن بولغان ئالاقىسى قويۇقلاشتى. شەيخ دىنىنىڭ زەينەپ بىلمەيدىغان نۇرغۇن ئىشلىرىنى ئايدىڭلاشتۇردى. زەينەپنىڭ كۆپلىگەن مەسىلىلەردىكى پىكرى شەيخ نەججار بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۆزگەردى.

**تەسىرلىك ۋەقە:**

كۇنلەرنىڭ بىرىدە زەينەپ غازالى ئائىلىسىنىڭ ئاشخانىسىغا ئاشپەزنىڭ ئىشىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن كىردى. ئۇ ئەسنادا تاماق پىشۇراتقان گاز ئوچىقى پارتلاپ، ئوت زەينەپ غازالىنىڭ يۈزىنى ۋە بارلىق بەدىنىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. دوختۇر كەلدى، لازىملىق تېز قۇتقۇزۇش ئىشلىرىنى قىلدى؛ كارىۋاتتا مىدىرلىماي يېتىشنى بۇيرىدى. ئاندىن ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىدىن بۇنى چەتئەلگە ئاپىرىپ داۋالاتمىساڭلار بۇ يەردىكى دورىلار بىلەن ساقايمايدۇ، دېدى. لېكىن زەينەپ غازالى چەتئەلگە بېرىپ يات ئەرلەرنىڭ ئالدىدا بەدەنلىرىنى ئېچىپ دورا قىلىشنى رەت قىلدى. دوختۇر ھەر كۇنى كېلىپ كۆيگەن يەرلىرىگە ۋە جاراھەتلىرىگە دورا قىلىپ كېتەتتى. زەينەپنىڭ ئەھۋالى كۇندىن كۇنگە ئېغىرلاشتى. دوختۇر ئۇنىڭ ساقىيىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزدى. ئاكىسىنى چاقىرىپ، سىڭلىسىنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى

ۋە بىر نەچچە كۈنگە قالماي ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن زەينەپنىڭ ئاكىسى يېزا ۋە باشقا يىراق يېقىندىكى تۇغقانلارغا تېلېفون قىلىپ، دوختۇرنىڭ دېگەنلىرىنى يەتكۈزدى. پۈتۈن ئۆي خەلقىنى قايغۇ باستى. زەينەپ غازالى ئاكىسىنىڭ تېلېفۇندىكى سۆزىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ ئۆلۈمگە تەييارلىنىپ تەيەممۇم قىلىپ ئىبادەت قىلىشقا تىرىشتى ۋە ئاللاھ تائالاغا مۇنداق دۇئا قىلدى: «ئى رەببىم! ئەگەر بېشىمغا كەلگەن بۇ بالا، مېنىڭ ھۇدا شەئراۋىنىڭ جەمئىيىتىگە قېتىلغانلىقىم ئۈچۈن بولغان بولسا، مەن سەن رازى بولىدىغان ھەق يولغا كىرىشنى قارار قىلدىم. ئەگەر بۇ بالا مېنىڭ دوپپا كىيگىنىمگە غەزەپ قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن كەلگەن بولسا، بۈندىن كېيىن مەن دوپپىنى تاشلاپ ياغلىق بىلەن ھىجاپلىنىمەن. ئى رەببىم! مەن ساڭا ۋەدە بېرىمەن ۋە بەيئەت قىلىمەنكى، ئەگەر بەدىنىم ئەسلىگە كەلسە، ئاياللار ئىتتىپاقىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، مۇسۇلمان ئاياللار جەمئىيىتى قۇرۇپ، ئىسلام دەۋىتىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدەك بولۇشى ئۈچۈن ئىشلەيمەن. ئىسلام خىلاپىتىنى قايتىدىن تىكلەشكە چاقىرىمەن. بۈنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا بارلىق كۈچۈم بىلەن جىھات قىلىمەن.»

سۇبھانەللاھ! دۇئادىكى ئىخلاس نېمىدېگەن ياخشى! چىن دىلىدىن ھەقىقىي تەۋبە قىلىپ ئاللاھقا قايتىش نېمىدېگەن چوڭ ئىش! ئاللاھ تائالانىڭ خالىغىنىنى قىلىشقا كۈچى يېتىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىش نېمىدېگەن تەسىرلىك! زەينەپ غازالى دۇئاسىنىڭ بۇنداق تېز ئىجابەت بولۇشىنى

كۆتمىگەن ئىدى. ئۆزى مۇنداق دەيدۇ: بۇ دۇئانىڭ نەتىجىسى ھەيران قالارلىق بولدى. ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى بۇ چەكلىك ئەقىل بىلەن ئىدراك قىلىش، ئەشيالارنى تەتۈرسىگە ئۆرىۋېتىدىغان ئىلاھىي قۇدرەتنى ئاڭقىرىش مۇمكىن ئەمەس. دوختۇر ئۆزىنىڭ كۆندىكى ۋاقتىدا كەلدى ۋە زەينەپنىڭ ئۈستىدىكى پەردىنى ئېچىپ ھاڭ-تاڭ قالدى. ئۆيدىكىلەر ھەممىسى ھەيران بولۇشتى. دوختۇر قاتتىق ھەيرانلىقىدىن: «كىمسىز!!؟» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. چۈنكى تۈنۈگۈن يىرىڭداپ ئېقىپ تۇرغان يارىلاردىن بۈگۈن ئەسەر يوق ئىدى. بۈگۈن-ئەتە ئۆلىدىغانلىقىنى كۈتۈپ تۇرغان كېسەل بىر كېچىدە ساقىيىپ كەتكەن ئىدى.

زەينەپ غازالىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۈزۈتۈش ئۈچۈن توپلاشقان ئۇرۇق-تۇغقانلار ھەممىسى ئۇنىڭ ساقايغانلىقىغا خۇشال بولۇشۇپ، ئاللاھ تائالاغا چىن قەلبىدىن ھەمدۇسانا ئېيتىپ شۈكۈر قىلىشتى. كۆزىنىڭ ئالدىدا بۇنداق تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشنى كۆرگەن دوختۇر قانچە كۈندىن بېرى ھەر كۈنى كېلىپ دورا قىلغانلىقىنىڭ ئەجرىنى ئالغىلى ئۇنىماي قايتىپ كەتتى. ھەيرانلىقىنى باسالمىغان دوختۇر يول بويىچە: «سۇبھانەللاھ! سۇبھانەللاھ! ھەقىقەتەن ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىر» دېگەن سۆزلەرنى تەكرارلايتتى.

## ئىستىپا:

زەينەپ غازالى ساقىيىپ كۆيۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىدىكى ھالىتىگە قايتقاندىن كېيىن بىرىنچى قىلغان ئىشى ئاياللار ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى ھۇدا شەئراۋىغا خەت يېزىش بولدى. خېتىدە ئاياللار ئىتتىپاقىدىن ئىستىپا

بەرگەنلىكىنى بىلدۈردى. ئاكىسىدىن كەڭ ئابايا ۋە ياغلىق ئەكىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ ئۈستىدىكى بارلىق كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ، ئىسلام تەلىماتى بويىچە مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، دوپپىنىڭ ئورنىغا ياغلىق تاڭدى. «بەزى زىبانلار پايدىلىق بولۇپ قالىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. دەرۋەقە زەينەپ غازالىنىڭ كۆيۈپ كەتكەنلىكى ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ياخشىلىقىغا سەۋەب بولدى. ئۇنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئىسلامغا قارشى پىكىرلىرى پۈتۈنلەي ئۆزگەردى. ئەمدى ئۇ ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ دىنىنى مۇداپىئە قىلىدىغان، مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ھىجاپلىنىشىنى تەشەببۇس قىلىدىغان بولدى.

ئەزھەر ئۆلىمالىرى بولۇپمۇ شەيخ نەججار زەينەپ غازالى ئۆزگىرىپتۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولۇشتى. ئۇ ساقايغان كۈندىن باشلاپ دىنى خىزمىتىنى باشلىدى. ئۇ 1936- يىلى «مۇسۇلمان ئاياللار جەمئىيىتى» نى قۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا بىلىم ئارقىلىق دەۋەت قىلىش پائالىيىتىنى باشلىدى. بۇ جەمئىيەت مىسىردىكى مۇسۇلمان قىزلارغا ناھايىتى پايدىلىق ئورۇن بولدى. بۇ ئورۇندا كۆپلىگەن مۇسۇلمان قىزلار تەربىيىلىنىپ، ئالىم بولۇپ، كىچىكىدىن تارتىپ دەۋەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كادىرلار يېتىشتى. زەينەپ غازالىنىڭ نەچچە يىل جاپالىق تەجرىبە ئېلىپ بېرىپ، ئوتتۇرىغا چىقارغان مۇسۇلمان قىزلارنى تەربىيىلەش سىستېمىسى ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغان مۇسۇلمان ئاياللار ئۈچۈن نۇرلۇق چىراق بولدى. زەينەپ غازالى مىسىردا تېشى ھەسەل

- ئىچى زەھەر شۇئارلار بىلەن مۇسۇلمان ئاياللارنى بولۇپمۇ قىزلارنى ئالداپ، ئىسلامدىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغان ئورگانلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتتىق قارشى تۇرۇپ، دادىللىق بىلەن كۈرەش قىلدى. ئۇ كۈرەش جەريانىدا بىر نەچچە قېتىم ھالاك قىلغۇچ خەتەرلەرگە دۇچ كەلدى. لېكىن ئاللاھ تائالا ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى.

زەينەپ غازالى باتىل شۇئار ۋە باتىل دەۋەتچىلەرنىڭ رەزىل نىيەتلىرىنى پاش قىلىشتا ناھايىتى جاسارەتلىك ئىش قىلاتتى. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغىچە ھەق يولدا چىڭ تۇردى، باتىلنىڭ قاتتىق بوران-چاپقۇنلىرى ئۇنى قىلچە تەۋرىتەلمىدى. ئۇ ئىسلامنىڭ پۈتكۈل ئالەمگە كەلگەن ۋە بارلىق زامانلارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئالەمشۇمۇل بىر دىن بولغانلىقىنى ھەر پۇرسەتتە ئىسپاتلاپ، قارشى پىكىردىكىلەرنىڭ يامان نىيەتلىرىنى، پارقىراق شۇئارلىرىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان يامان غەرەزلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئىسلام دىنىنىڭ قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغانلىقىنى، يەريۈزىدىكى پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ بەختلىك بولۇشى ئىسلامغا ئەمەل قىلىشقا باغلىق ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلاتتى.

زەينەپ غازالى ئىسلامغا خىزمەت قىلىشتا مۇسۇلمان ئاياللارغا ئۈرنەك بولدى. ئۇ بۇ ئۇلۇغۋار يولدا ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىدى. ئۇنىڭ قۇرغان جەمئىيىتى ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 6 يىل تۈرمىدە ياتتى. نامراتلىقتىن يەيدىغان بىر چىشلەم نان تاپالمىغان زامانلىرى بولدى. ھەقنى سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن بىر نەچچە يىل مۇكۇنۇپ يوشۇرۇن ھايات كەچۈرۈشكە مەجبۇر

بولدى. لېكىن ئۇ پۈتۈن بۇ بالا-مۇسىبەتلەرنى دەۋەت يولىدىكى توسالغۇلار، بۇنىڭ بىلەن بىز ھەر تۈرلۈك كىرلاردىن پاكلىنىمىز، بۇلار بىزنى يولىمىزدىن توختىتىپ قويماسلىقى كېرەك، دەپ ئالى روھ بىلەن قارشى ئالدى. ئۇ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن قاراڭغۇ يىللار، زۇلۇملار، جەبىر-جاپالارنى مۇستەھكەم ئىمانى ۋە ئاللاھقا بولغان چىن ئىخلاسى بىلەن يېڭىپ، خۇددى كۆيۈپ كەتكەندە ئۆلۈمدىن قايتقاندەك يەنە دەۋەت مەيدانىغا قايتتى.

زەينەپ غازالى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىش يولىدا بىر نەچچە ئەرەب دۆلەتلىرىنى كەزدى. ئافغانىستاندا مۇسۇلمانلار سېۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى جىھات قىلىۋاتقان سەكسىنىنچى يىللاردا بىر نەچچە قېتىم ئافغانىستاننى زىيارەت قىلدى.

بۈگۈن دۇنيادا ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلمەيدىغان، ئۇنىڭ دەۋەت يولىدىن بەھرىمەن بولمىغان يەر يوق دېيەرلىك. ئۇنى بارلىق مۇسۇلمانلار قەدىرلەيدۇ، ئۇنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا تەقدىم قىلغان قىممەتلىك ئەسەرلىرى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن يول كۆرسەتكۈچ رولىنى ئوينايدۇ.

## ئىلمىي خىزمەتلىرى ۋە ۋاپاتى:

زەينەپ غازالى دەۋەت يولىدا گېزىت، ژۇرناللارغا يازغان كۆپلىگە ماقالىلىرىدىن باشقا بىر نەچچە كىتاب يازغان. ئۇنىڭ يازغان كىتابلىرى مۇنۇلار:

1- ھاياتىمدىكى ۋەقەلەر

2- ئاللاھنىڭ كىتابىغا نەزەر

### 3- يېڭىدىن تىرىلىشكە قاراپ

ئىسلام دەۋىتىنىڭ قەھرىمانى، ئەرەب دۇنياسىدىكى مۇسۇلمان ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بىرى بولغان زەينەپ غازالى 2005- يىلى 3- ئاۋغۇست چارشەنبە كۈنى 88 يېشىدا قاھىرەدە ۋاپات بولدى. ئاللاھ تائالا بۇ مۇجاھىدە ئايالدىن رازى بولسۇن، ئۇنىڭغا جەننەتتە ساللاھلار قاتارىدا ئورۇن بەرسۇن. مۇسۇلمان قىز-ئاياللىرىمىزنى بۇ قەھرىمان ئايالنىڭ ھاياتىدىن ئىبرەت ئېلىپ، ئاللاھنىڭ يولىدا خىزمەت قىلىپ دۇنيادىن ئۆتكىلى نېسىپ قىلسۇن، ئامىين!